ھەبىبۇللا سىيىت

# مۇھەببەت سىنىقى



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



بۇ ئەسىرىمنى ماڭا بىلىم ۋە ئەقىل ـ پاراسەت بې-
غىشلىغان ئانا مەكتىپىم — پىچان ناھىيە ماچاڭ ئوتتۇرا
مەكتىپىگە ھۆرمەت بىلەن بېغىشلايمەن .

— ئاپتوردىن

ھەببۇللا سىيىت

# مۇھەببەت سىنىقى

(ھېكايە، ئوچېركلار)



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

爱情试/海比布拉.色依提著. —乌鲁木齐:新疆人民出版社,2005.3

ISBN 7—228—09336—4

Ⅰ.爱... Ⅱ.海... Ⅲ.短篇小说—作品集—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I247.7

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2005)第 018460 号

责任编辑:艾则孜.吐尔迪
责任校对:艾加尔古丽.吐尔逊
封面设计:艾克拜尔.沙力

爱情试 (维吾尔文)
(短篇小说集)
海比布拉.色依提 著

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮政编码:830001)
新疆新华书店发行
乌鲁木齐晓名纸品印刷有限公司印刷
787×1092 毫米 32 开本 3.125 印张 2 插页
2005 年 3 月第 1 版 2005 年 3 月第 1 次印刷
印数:1—2060

ISBN7—228—09336—4
定价:5.00 元

# ئاپتور ھەققىدە

ھەبىبۇللا سىيىت باۋدۇن 1963 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى پىچان ناھىيە، پىچان يېزا ماچاڭ كەنتىدە بىر ياغاچچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1971 ـ يىلىدىن 1979 ـ يىلىغىچە مەھەللىسىدە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1982 ـ يىلى تۇرپان ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنىڭ پىچان تارماق سىنىپىنى پۈتتۈرۈپ ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن.

1984 ـ يىلىدىن 1987 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات كەسپىدە ئوقۇپ ئالىي تېخنىكوم دىپلومىغا ئېرىشكەن. 1991 ـ يىلىدىن 1993 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ تولۇق كۇرس سىنىپىدا ئىككى يىل بىلىم ئاشۇرۇپ، پىچان ناھىيە چىقتىم 1 ـ ئوتتۇرا مەكتىپى ۋە پىچان ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتىپى قاتارلىق ئورۇنلاردا

خىزمەت ئىشلىگەن. 1994 ـ يىلىدىن ھازىرغا قەدەر پىچان ناھىيە ماچاڭ ئوتتۇرا مەكتىپىدە مەكتەپ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

ئاپتور 1982 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان «ئىشىنىڭ يولى» ناملىق تۇنجى ھېكايىسى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە كىرگەن بولۇپ، ھازىرغىچە ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا 30 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر، ھېكايىلىرى ئېلان قىلىنغان. بۇ توپلامغا ئاپتورنىڭ بىرقىسىم ھېكايىلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلدى.

# مۇندەرىجە

ۋاپادار كېلىن ........................ 1
يېڭىچە يول ........................ 13
باغاق ئۈستىدىكى ئۆيلار ........................ 16
ھەي، سەنزە ........................ 19
مېيىت ........................ 21
خىجىللىق ........................ 23
پرىنسىپ دېگەن ........................ 25
ئايالىم ........................ 30
پاختا زاۋۇتىدا ........................ 33
يۆتكىلىش ئارىلىقىدىكى ئۆيلار ........................ 38
ئاھ، ئۈمىدىم ........................ 40
دادام ........................ 45
ئىچەرمەنلەر رىقابىتى ........................ 52
چۈشىنىش ........................ 56
مۇھەببەت سىنىقى ........................ 62
بىزنىڭ باشلىق ........................ 68
دوستۇمدىن كەلگەن خەت ........................ 73
تۈرمىدە يېزىلغان خەت ........................ 82

# ۋاپادار كېلىن

ئادەمنىڭ ھاياتىدا نۇرغۇن ئىشلار ئەستىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ، بەزى ئىشلار خۇددى تاشقا مۆھۈر باسقاندەك كىشى قەلبىدە مەڭگۈ ساقلىنىدۇ.

پىچان ناھىيە چىقتىم يېزا تەنزە كەنتى 4 - مەھەللىدىكى ساياخان روزى ئۈچۈن ئېيتقاندا، 1991 - يىلى 1 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئەڭ زور خۇشاللىققا تولغان ۋە ئۇنتۇلماس بىر كۈن ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، شۇ كۈنى پىچان ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەسئۇللىرى گوۋۇيۈەن تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە «ۋاپادار پەرزەنت» بولۇپ باھالانغانلىقى ئۈچۈن بېرىلگەن ئالتۇن مېدالنى ئۇنىڭ مەيدىسىگە تاقىدى، شەرەپ گۇۋاھنامىسى ۋە مۇكاپات بۇيۇملىرىنى ئۇنىڭ قولىغا تاپشۇردى. شۇ بەختلىك مىنۇتلاردا ساياخان قانداقمۇ ھاياجانلانماي ۋە خۇشاللىققا چۆممەي تۇرالىسۇن؟! شۇ دەقىقىدە ئۇنىڭ يۈرىكى ھاياجاندىن گۈپۈلدەپ سوقۇپ، كۆكرەك قەپەسىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەكلا قىلاتتى، پېشانىسىدىن تەپچىپ چىققان تەر

تامچىلىرى ئۇنىڭ ئىككى مەڭزىنى بويلاپ ئاققان شادلىق ياشلىرى بىلەن قوشۇلۇپ كېتەتتى. ئۇنىڭ شەرەپ گۇۋاھنامىسى ۋە مۇكاپات بويۇملىرىنى تۇتقان قاداق باسقان بىر جۈپ قولى خۇشاللىقتىن تىترەيتتى. ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە: «بۇ مېنىڭ ئوڭۇممۇ ياكى چۈشۈممۇ؟» دەپ سوئال قوياتتى. دېمىسىمۇ ئۇ بۇنداق كاتتا شان ـ شەرەپكە ئېرىشىشنى چۈشىدىمۇ كۆرۈپ باقمىغانىدى. لېكىن، بۇ ئۇنىڭ چۈشى ئەمەس، ئوڭى ئىدى. بۇ شان ـ شەرەپكە ئۇ ئالدىنقى سەپتىكى جەڭ مەيدانلىرىدا خىزمەت كۆرسىتىپ ئەمەس، بەلكى ئائىلىدىن ئىبارەت ئاددىيغىنا ئورۇندا ئۆز ئەجرى بەدىلىگە ئېرىشكەن.

ساياخان روزى مۇشۇ يېزىنىڭ ياق كەنتىدىكى ئاق كۆڭۈل، دىيانەتلىك، قول ئىلكىدە بار دېھقان روزى رېقىپنىڭ قىزى بولۇپ، كىچىكىدىن تارتىپ جاپا ـ مۇشەققەت تارتماي، سەمىمىي، ئاددىي ـ ساددا، زېرەك چوڭ بولغانىدى. 1970 ـ يىلى ئۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ مەسلىھەتى بويىچە قوشنا كەنتتىكى ساتتار پازىل ئىسىملىك بىر دېھقان يىگىت بىلەن توي قىلدى. ئۇ شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ھاياتنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى باشلىدى.

ساياخان ياتلىق بولۇپ كەلگەندە، ساتتارلارنىڭ ئىككى پارچە كونا كىگىزى بىلەن بىر قويىدىن باشقا ئۆي ـ بىساتى يوق ئىدى. بۇ ئائىلىنىڭ تۇرمۇشى شۇ قەدەر غورىگىل بولغانىنىڭ ئۈستىگە، يولدىشى ساتتارنىڭ پالەچ كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان ئانىسى،

توقسان نەچچە ياشتىن ھالقىغان، تۇتقاقلىق كېسىلى بار چوڭ دادىسى، سەكسەن نەچچە ياشلارغا كىرىپ قالغان كېسەلچان چوڭ ئانىسى بار ئىدى. چوڭ ئانىسى پات ـ پات كېسەل بولۇپ يېتىپ قالاتتى. چوڭ دادىسىنىڭمۇ نەچچە كۈندە بىر قېتىم تۇتقاقلىق كېسىلى قوزغىلىپ قالاتتى، ئۇ كېسىلى ھەر قېتىم قوزغالغاندا، نەچچە كۈن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالاتتى. پالەچ كېسىلى بار ئانىسىنىڭ بېلىنىڭ ئاستى تەرىپى سېزىمىنى پۈتۈنلەي يوقاتقانلىقتىن، ئۆرۈپ قويمىسا ئۆزى نېرى ـ بېرى ئۆرۈلەلمەيتتى. مانا ئەمدى ساياخان بۇ ئۆيگە كېلىن بولۇپ كەلدى. ئەمدى ئۇ تاماق ئېتىشى، ئۆيلەرنى سەرەمجانلاشتۇرۇشى، قاچا ـ قۇچىلار ۋە كىر ـ قاتلارنى يۇيۇشى، بوۋاي ـ مومايلاردىن ھەم قېيىنانىسىدىن خەۋەر ئېلىشى كېرەك. ئۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغىلا قاراشلىق ئىدى. ئۇ ئىشلارنى ئۇ قىلمىسا كىم قىلىدۇ؟! ئۇنىڭدىن باشقا بۇ ئۆيدە كارغا كەلگۈدەك بىرەر ئايال كىشى بولمىسا، لېكىن ئۇ كېلىن ـ دە، كېلىن بولغاندىمۇ يېڭى كېلىن. ئۇ تۇرماق شۇ ئائىلىنىڭ ئۆز قىزى بولغان تەقدىردىمۇ، شۇنچىۋالا كۆپ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقمىقى تەستە. ئۇ يەنە ئېتىزلىقتا ئىشلەپ تۇرمۇشنى ياخشىلىشى كېرەك، ئۇنداق قىلماي پۈتۈن بىر ئائىلە كىشىلىرى يالغۇز بىر ئادەمنىڭ تاپقىنىغا قاراپ ئولتۇرسا، يوقسۇزلۇقتىن قۇتۇلغىلى بولاتتىمۇ؟! جاھاندا يوقسۇزلۇقتىن قاتتىق نەرسە يوقتە.

ساياخان بۇلارنى ئويلاپ تويدىن بۇرۇن بۇ ئائىلىنىڭ

ئەھۋالىنى سۇرۇشتۇرۇپ باقمىغانلىقىغا مىڭ بىر پۇشايمان قىلدى. ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە: «مەن نېمىدېگەن تەلەيسىز ـ ھە؟! مۇشۇنداق بىر ئائىلىگە كېلىن بولۇپ قالغىنىمنى» دەيتتى ھەمدە ئاتا ـ ئانىسىدىن ئاغرىناتتى. ئۇ «بۇ ئۆيدە جاننى قىينىغۇچە ئاجرىشىپلا كېتەيچۇ» دېگەن قارارغا كەلدى. لېكىن تۇنۇگۇن توي قىلىپلا بۈگۈن ئاجرىشىپ كەتكىلى بولامتىمۇ؟! بۇنداق قىلسا باشقىلارنىڭ ئالدىدا سەت بولمامدۇ؟! ساياخان تۇرمۇشى باياشات ئائىلىدە چوڭ بولغىنى بىلەن راھەت ـ پاراغەتنىلا قوغلىشىدىغان، ئەمگەك دېسە يىراقتا قاچىدىغان ھۇرۇن، مىشچانلاردىن ئەمەس، بەلكى ئەخلاقلىق، ئوبدان تەربىيىلەنگەن، ئۆي ئىشلىرىغا پىششىق، باشقىلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى كۆرسە چىداپ تۇرالمايدىغان، جاپاغا چىدامىلىق، غۇرۇرلۇق قىز بولغاچقا، ئاخىر ساتتار بىلەن داۋاملىق ئۆي تۇتۇش قارارىغا كەلدى.

ساتتارنىڭ چوڭ دادىسى، چوڭ ئانىسى ۋە ئانىسىنىڭ غېمى «بۇ ئۆيگە كىممۇ كېلىن بولۇپ كېلەر، كېلىن كەلگەن تەقدىردىمۇ ئۇ بۇ ئۆيدە ئۆمۈرۋايەت تۇرارمۇ؟» دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. شۇڭا، ئۇلار نامىزىدا ئاللادىن ئۆزلىرىگە ئىنساپلىق كېلىن ئاتا قىلىشىنى تالاي قېتىم تىلىگەنىدى. مانا ئەمدى ئۇلار بەختىگە يارىشا تەقى ـ تۇرقى جايىدا، باشقىلارغا كۆز ـ كۆز قىلغۇدەك بىر كېلىنگە ئېرىشىپ ئىنتايىن خۇشال بولۇشتى.

بىراق، گۈلنىڭ تىكىنى، شادلىقنىڭ قايغۇسى بار دېگەندەك، ئۇلار كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ساياخاننىڭ

قوشۇمىسىنى تۇرۇپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىشلىرىدىن، چىھرىدىكى غەمكىنلىك ئالامەتلىرىدىن بىرەر يامانلىقنىڭ شەپىسىنى سەزدى بولغاي، ئۇلارنىڭ خۇشاللىقىغا تەشۋىش خۇددى سايىدەك ھەمراھ بولدى. ئۇلار ھەر قېتىم ساياخاننىڭ چىھرىدىن شۇنداق ئالامەتلەرنى كۆرگەندە، خۇدۇكسىرەپ، بىر ئۇنىڭ چىرايىغا، بىر ئۆي ئىچىگە سەپسالاتتى. قېينانىسىنىڭ تەرەتلىرىنى ئادالاش، ئورۇن - كۆرپە، كىيىملىرىنى يۇيۇپ - تازىلاش ئىشلىرىنى بەزىدە چوڭ ئانىسى مۇدۇرۇلۇپ، سوقۇلۇپ قىلسا، بەزىدە ساتتار قىلاتتى. ئۇلار بۇ ئىشلارنى ساياخاندىن يوشۇرۇنچە قىلىشقا تىرىشاتتى. بۇنى دائىم يوشۇرۇپ كەتكىلى بولاتتىمۇ؟! ساياخان ئاخىر بۇ ئىشلارنى ئۇلارنىڭ قىلمىشىغا زادى چىداپ تۇرالمىدى - دە بۇ ئىشلارغا ئۆزى تۇتۇش قىلدى.

ئارىدىن بىرەر ئايدەك ۋاقىت ئۆتتى. بۇ ۋاقىت ساياخانغا خۇددى بىر يىلدەك بىلىنىپ كەتتى. ئۆز ئائىلىسىنىڭ باياشات، خاتىرجەم تۇرمۇشى كۆز ئالدىدىن زادىلا كەتمىدى. تۇگىمەس ئائىلە ئىشلىرىغا ئۇ بەرداشلىق بېرەلمىدى. ساياخاننىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ بېشىدىن كۆپ ئىسسىق - سوغۇق ئۆتكەن، ئاجىزلارنىڭ ھالىغا چىداپ تۇرالمايدىغان ئاق كۆڭۈل كىشىلەردىن ئىدى. ئۇلار ئاشۇ ئۇچ كېسەلنى كۆزدە تۇتۇپ قىزى ساياخانغا سەممىمىي نەسىھەتلەرنى قىلىپ، ئۇنى ساتتاردىن ئاجرىشىپ كېتىش نىيىتىدىن ياندۇردى، شۇنداقلا ئۇلارغا تۇرمۇشىنى ياخشىلىۋېلىشى ئۇچۇن بىر قوي، بىر پارچە كىگىز بەردى،

باشقا قېرىنداشلىرىمۇ ئازدۇر - كۆپتۇر ياردەم قىلدى.
1970 - يىللاردا بۇ ياردەملەر جانغا ئارا تۇرىدىغان ياردەملەر ئىدى. ساياخان قايتا - قايتا ئويلىنىپ ئۆزىنىڭ ساتتاردىن ئاجرىشىپ كېتىمەن دەپ بەك يەڭگىللىك قىلغانلىقىنى، بۇ ئائىلىگە ئۆزىدەك بىر كىشىنىڭ بەكمۇ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ، يېڭى ئائىلىسى ئۈچۈن چىن كۆڭلى بىلەن خىزمەت قىلىش نىيىتىگە كەلدى. ئېھ، ئاشۇ 1970 - يىللار...
ساياخان ھەر كۈنى ئائىلە ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىپ بولۇپ، يەنە ئەترەتنىڭ ئەمگەكلىرىگە قاتناشتى. قەھرىتان سوغۇقتا ئېتىز - ئېرىقلاردا كۈندۈزى بىر كىشىلىك ئىشلىسە، كېچىسى يەنە بىر كىشىلىك ئىشلىدى. ئەتىيازلىق تېرىلغۇ، يازلىق يىغىم، كۈزلۈك يىغىم ۋە زىرائەت پەرۋىشى قاتارلىق ئىشلارنى تىنىم تاپماي ئىشلىدى. ئۇ بەزىدە ئىشلەۋېتىپ ماغدۇرىدىن كېتەتتى، ھەتتا نەچچە قېتىم ئېتىز بېشىدا ئىسسىق ئۆتۈپ كېتىپ يىقىلىپ قالدى.
ساياخان ئاشۇ يىللاردا ئەترەت بويىچە ئەڭ كۆپ ئىشلەپ، ھەر يىلى يىل ئاخىرىدا ھەممىدىن كۆپ دارامەت ئالدى. ئۇ ھەر قېتىم دارامەت ئالغاندا، ناھايىتى خۇشال بولاتتى، ئۆزىنىڭ پۈتۈن بىر يىلدا تارتقا جاپا - مۇشەققەتلىرىنى ئۇنتۇپ كېتەتتى. ئۇ ئۆزى تاپقان پۇل بىلەن ئېرىنىڭ تاپقان پۇلىغا ئەڭ ئالدى بىلەن كېسەللەرنى داۋالىتىشى، بېقىشى، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىشى كېرەك. ئاندىن چۆچۈرىدەك ئۇششاق بالىلىرىنى بېقىشى،

يەنە ئۆزلىرىمۇ ئەل قاتارى ياشىشى كېرەك. ئاشۇنداق ئارمان، شۇ نىيەتلەر سايىخاننىڭ ۋۇجۇدىغا تۈگىمەس ئۈمىد ۋە كۈچ - قۇدرەت بېغىشلىغان، ئۇنى تىنىم تاپقۇزمىغانىدى. قاتتىق سوغۇقلاردا، تومۇز ئىسسىقلاردا كىشى ئەمگەكتىن ھېرىپ - ئېچىپ كەلگەندە، ئالدىغا ئىسسىق تاماق كەلتۈرۈلسە، نېمىدېگەن ياخشى - ھە! ئېتىزدىن قايتىپ كېلىپ، تاماقنى يەۋېلىپلا يېتىپ ئازراق ئارام ئېلىۋالسا، نېمىدېگەن راھەت - ھە! لېكىن، سايىخانغا ئۇنداق راھەت نەدە دەيسىز؟! ئۇ ئەمگەك قىلىپ ھېرىپ - ئېچىپ كېلىپ، يەنە تاماق ئېتەتتى. قېينانىسىنىڭ ۋە بوۋاي - مومايلارنىڭ دورىلىرىنى ئىچكۈزەتتى. دوختۇرنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە يەنە ئۇلارغا ئايرىم - ئايرىم تاماق ئېتىپ بېرەتتى، قاچا - قۇچىلارنى يۇياتتى. قېينانىسىنىڭ تەرەتلىرىنى ئادالاپ، ئورۇن - كۆرپە، كىيىملىرىنى يەڭگۈشلەپ، يۇيۇپ - تازىلايتتى. ئىشقىلىپ ئۇنىڭ قىلىدىغان ئىشى چېچىدىنمۇ كۆپ بولۇپ، ئۇ ئازراقمۇ ئارام ئالالمايتتى. سايىخان ئەنە شۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ھاردىم - تالدىم دېمەي، زېرىكمەي - تېرىكمەي قىلاتتى. مەينەتچىلىكتىن قورقمايتتى. ئۇنىڭغا ئاشۇ ئىشلارلا، ئاشۇ ئىشلارنىڭ ئاۋارىچىلىكلىرىلا يېتىپ ئاشاتتى. لېكىن، بۇنى ئاز دەپ قېينانىسىنىڭ سەپرا مىجەزلىكىنى دېمەمسىز تېخى؟!

قېينانىسى بەزىدە ئاچچىقلىنىپ كەتسە، سايىخان ئۇنى كېسەلنىڭ زورىدىن شۇنداق قىلغاندۇ، دەپ ئېغىر ئالمايتتى.

بىر كۈنى ساياخان ئېتىزدىن قايتىپ كېلىپ، تاماق ئېتىپ بولۇپ داستىخاندا ئولتۇرغاندا، قېينانىسى تۇيۇقسىز چوڭ - كىچىك تەرەت قىلىپ قويدى. ساياخان دەرھال قولىدىكى قاچىنى قويۇپ، قېينانىسىنىڭ كىيىم - كېچەك، ئورۇن - كۆرپىلىرىنى يەڭگۈشلەپ، يۇيۇندۇردى. قېينانىسى شۇ چاغدا: «مېنى قاتتىق تۇتۇۋەتتىڭ، قولۇڭ يىرىك ئىكەن» دەپ ساياخانغا زەھىرىنى چاچتى ۋە ئۇنىڭ يۈزىگە ئىككى كاچات سېلىۋەتتى، بۇ ئىش ساياخانغا ئېغىر كەلگەن بولسىمۇ، ئۆيدىكىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ دەرھال قېينانىسىغا ناماقۇل بولدى، لېكىن كۆڭلىدە: «شۇنچىۋالا ئوبدان خىزمەت قىلسامۇ، قېينانام يەنىلا مېنى تىللىسا، ئۇنى ئاز دەپ تېخى ئۇرسا، مېنىڭ تارتىۋاتقان جاپا - مۇشەققەتلىرىم ئازمۇ؟» دەپ ئىختىيارسىز كۆڭلى بۇزۇلدى.

ساياخانغا ئاتا - ئانىسى تالالىق قىلغۇچە قول تەگكۈزۈپ باقمىغان، ھەتتا قاتتىقراق گەپمۇ قىلىپ باقمىغانىدى. ئۇنىڭ ھاردىم - تالدىم دېمەي، ئىككى قولىنى تۆت قىلىپ، تىنىمسىز ئىشلەشلىرى دەل ئاشۇلار ئۈچۈن، ئاشۇلارنىڭ خاتىرجەملىكى ئۈچۈن ئەمەسمىدى؟! بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان ساياخاننىڭ قولۇم - قوشنىلىرى ۋە تۇغقانلىرى ئۇنىڭغا دوق قىلىپ: «ھە مانا ئەمدى خوپ بولدىمۇ، قېيناتا - قېينانىسىغا كېچە - كۈندۈز خىزمەت قىلىپ تۇرۇپمۇ، تىل - ئاھانەت ئاڭلاپ، خورلىنىپ يۈرگەن سېنىڭدەك ئەخمەق كېلىننى بىز كۆرگەن ئەمەس، ئۇلار ئۆلسە، ئۇلارنىڭ ساڭا قالىدىغان

مال ـ دۇنياسى بارمىدى؟! نېمىگە شۇنچىۋالا تارتىشىسەن؟! ئاجرىشىپ كەت» دەپ، ھە دەپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى سوۋۇتقىلى تۇردى. ھەتتا سايىخاننىڭ ئېرى ساتتارمۇ تەڭلىكتە قېلىپ ئۇنىڭغا: «سىزنىڭ قىلغان خىزمىتىڭىزگە چىن كۆڭلۈمدىن رازىمەن، لېكىن بىزنى دەپ تارتىۋاتقان جاپالىرىڭىزنى، ئاڭلىغان تىل ـ ئاھانەتلىرىڭىزنى ئويلىسام، سىزگە ئىچىم ئاغرىيدۇ. ياخشىسى، مېنىڭدىن ئاجرىشىپ كېتىپ، تۇرمۇش شارائىتى ياخشىراق بىرسىگە تۇرمۇشلۇق بولۇپ راھەترەك تۇرمۇش كەچۈرۈڭ، بىزنىڭ كۈنىمىزمۇ بىر نېمە بولار» دېدى، لېكىن ئۇنىڭ سۆزلىرى ئامالسىزلىقتىن قىلىنغان سۆزلەر ئىدى. دېمىسىمۇ ئۇنىڭغا نېمە ئامال؟! بىر يانغا قارىسا كېسەل دەردىنى تارتىۋاتقان ئانىسى، يەنە بىر يانغا قارىسا شۇنچە ئىشچان، شۇنچە مېھرىبان ئايالى. سايىخان بۇ ئىشتا قاتتىق گاڭگىراپ قالدى، سوغۇققانلىق بىلەن چوڭقۇر ئويلىنىپ: «مەن ئاجرىشىپ كەتسەم، جاپا ـ مۇشەققەتتىن بىر يولىلا قۇتۇلىمەن، بىراق ئۇ كېسەللەرچۇ؟! ئۇلارنىڭ ھالىدىن كىممۇ خەۋەر ئالار؟» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ، ساتتار بىلەن ئاجرىشىپ كەتمەسلىك قارارىغا كەلدى ۋە قېيىنانىسىنى ئەپۇ قىلىۋەتتى.

1978 ـ يىلىغا كەلگەندە، چوڭ دادىسىنىڭ ئىككى كۆزى كور بولۇپ قالدى، بۇنى ئاز دېگەندەك ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتۈپ چوڭ ئانىسى كېسەل بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. 1982 ـ يىلى ئۆلمەكنىڭ ئۇستىگە تەپمەك دېگەندەك، يەرلەر مەھسۇلاتقا بىرلەشتۇرۇپ ھۆددىگە

بېرىلىپ، ئۇلارنىڭ ئائىلىسىگە 16 مو يەر تەقسىم قىلىپ بېرىلدى. ئەمدى ساياخاننىڭ يۈكى ھەسسىلەپ ئېغىرلاشتى. جاپالىق تۇرمۇش ئۇنىڭغا ئۈستى ـ ئۈستىلەپ يۈكلەنمەكتە، ئۇنىڭ ئىرادىسىنى سىنىماقتا ئىدى، لېكىن ساياخانمۇ بوش كەلمىدى. ئۇ بارغانسېرى جۈدەپ كەتكەن بىلەن، تۇرمۇش ئۇنىڭ ئىرادىسىنى چېنىقتۇرۇپ پولاتتەك تاۋلىماقتا ئىدى. ئۇ تېخىمۇ تېتىكلىشىپ، سەھەر تۇرۇپ، كەچ يېتىپ، ئىككى قولىنى توت قىلىپ، ئائىلىسىنىڭ پۈتۈن ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلدى. ئۈچ كېسەلنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئالدى. ھۆددىگە بەرگەن يەرلەرگىمۇ قاتتىق ئىشلىدى. 1986 ـ، 1987 ـ يىللىرى قېينانىسى ۋە چوڭ ئانىسى ئارقا ـ ئارقىدىن ئالەمدىن ئۆتتى.

تەقدىر ئۇنىڭغا يەنە بىر قېتىم ئېغىر چاقچاق قىلدى. 1987 ـ يىلى ساياخاننىڭ 15 ياشقا كىرىپ قالغان تۇنجى بالىسىنىڭ پۇتى ئاغرىپ ئۈچ يىل ماڭالماي يېتىپ قالدى ـ دە، ساياخاننىڭ 110 ياشقا كىرىپ قالغان چوڭ دادىسى بىلەن بالىسىنىڭ ھالىدىن تەڭ خەۋەر ئېلىشقا توغرا كەلدى. ئۇلار ھېلى ئۇنىڭ جېدىلىنى قىلسا، ھېلى بۇنىڭ جېدىلىنى قىلاتتى. ساياخان ئۇلار نېمە دېسە، شۇنى قىلىپ بەردى. دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ داۋالاتتى. ئۈچ يىل كۆڭۈل قويۇپ داۋالىتىش ئارقىلىق ئوغلىنىڭ پۇتى ساقىيىپ ماڭالايدىغان بولدى. بوۋاي ھازىرمۇ خېلىلا تېمەن تۇرۇپتۇ.

ساتتار ۋە ساياخانلار ئائىلىسى بەكلا نامرات ئىدى. ئۇلار ئاشۇ يىللاردا قانچە تىرىشسىمۇ، ئەھۋالى زادىلا

ياخشىلانمىدى. 1980 ـ يىللاردىن بۇيان ئۇلار ھۆددىلەپ بەرگەن يەرلەرگە تۇجۇپىلەپ ئىشلەپ، كىرىمنى يىلسېرى ئاشۇرۇپ، ئىقتىسادىي شارائىتىنى ياخشىلىدى.

يىگىرمە يىل ئۆتۈپ كەتتى، بۇ يىگىرمە يىل ساياخان ئۈچۈن ئېيتقاندا خۇددى چاقماق چاققاندەك ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە ئۆتۈپ كەتتى، لېكىن يىللار ئۇنى ئوتتۇرا ياشلىق دەۋرنىڭ بوسۇغىسىغا ئەكىلىپ قويدى. بۇ يىگىرمە يىل جەريانىدا ساياخان كېسەللەرنى كۈتۈش، ئائىلە ئىشلىرىنى قىلىش ۋە ئېتىز ئەمگىكى تۇپەيلىدىن ئارىلىقى ئاران بىر نەچچە كىلومېتىر كېلىدىغان ئۆز ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئائىلىسىنى، جۈملىدىن ئاتا ـ ئانىسىنى، ئاكا ـ ئۇكىلىرىنى ئايلاپ ـ ئايلاپ يوقلاپ بارالمىدى. يىلدا بىر قېتىم كېلىدىغان ھېيت ـ ئايەملەردە ئۇلار بىللە جەم بولالمىدى. تەڭتۇش دوستلىرىدەك بايراملاردا شەھەر ـ بازارلارغا بېرىپ تاماشا قىلىپ ئويناپ كېلەلمىدى ياكى توي ـ تۆكۈن، تانسا ـ مەشرەپلەرگە بېرىپ كۆڭۈل ئېچىپ كېلەلمىدى، ھەتتا تۆت يىلنىڭ ئالدىدا ئاتىسى روزى ئاخۇن ھەج تاۋاپ قىلغىلى ماڭغاندا ۋە ھەجدىن قايتىپ كەلگەندە باشقا قېرىنداشلىرى، تۇغقانلىرى قەشقەرگىچە بېرىپ ئۇزىتىپ قويدى ۋە قەشقەرگىچە ئالدىغا باردى. لېكىن ساياخانچۇ؟! ئۇ ھەتتا دادىسىنى مەھەللە بىلەن بولغان ئارىلىقى 35 كىلومېتىر كېلىدىغان ناھىيە بازىرىغىچىمۇ ئۇزىتىپ بارالمىدى ھەم ئالدىغا چىقالمىدى. بۇ ئىشقۇ تۇرۇپ تۇرسۇن، ئۇ توي قىلىپ 17 يىلغىچە ناھىيە بازىرىغىمۇ بارالمىدى. ئۇزاقى يىلى

ئۇ تۇرپانغا بېرىپ: «تۇرپان نېمىدېگەن كاتتا - ھە؟! تۇرپان بۇنچىلىك كاتتا بولغان يەردە ئۇرۇمچى، پايتەختىمىز بېيجىڭلار قانچىلىكتۇ؟!» دەپ ھەيران قالغانىدى. ئۇنىڭ باغرى تاشمىدى؟! ياق، ئۇنداق ئەمەس! ئۇ قېرىنداشلىرىنى، دوستلىرىنى سېغىناتتى. سېغىنغاندىمۇ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قېتىدىن سېغىناتتى. ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە خاس ئارزۇ - ئارمانلىرى، يالقۇنلۇق يۈرىكى، قىزىقىش - ھەۋەسلىرى بار ئىدى، بار بولغاندىمۇ تولۇق بار ئىدى. شەھەرلەرگە بېرىپ ئويناپ كەلگۈسى، تانسا - مەشرەپلەرگە بېرىپ كۆڭۈل ئاچقۇسى بار ئىدى. لېكىن، ئۇ ئاتا - ئانىسى، قېرىنداشلىرىنى يوقلايدىغان ۋاقتىنى ئائىلىسىگە، كېسەل قېينانىسىغا، كېسەل بوۋاي - مومايلارغا، كېسەل بالىسىغا، چۆچۈرىدەك ئۇششاق يۈرەك پارىلىرىغا سەرپ قىلدى. ئۇنىڭ گۈزەل ياشلىق باھارى ئاشۇلارنىڭ ۋۇجۇدىغا، قەلبىگە شۇنداقلا يىللارنىڭ قوينىغا سىڭىپ كەتتى. ئەمما، ئۇ ئاشۇ سەرپ قىلغان ياشلىق باھارىنىڭ بەدىلىگە قىممەتلىك ھەم كاتتا شان - شەرەپكە ئېرىشتى.

ساياخان 1987 - يىلىدىن ئېتىبارەن ئۇدا يېزا، ناھىيە، ۋىلايەت ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە «8 - مارت قىزىل بايراقدارى» دېگەن نامغا ئېرىشىپ مۇكاپاتلىنىپ كەلدى. 1990 - ، 1991 - يىللىرى ئاپتونوم رايون ۋە مەملىكەت بويىچە «ۋاپادار پەرزەنت» بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلاندى ھەمدە ئالتۇن مېدالغا ئېرىشتى.

1991 - يىلى 16 - يانۋار، پىچان چىقتىم

# يېڭىچە يول

ئابلەتنىڭ بۆلۇم باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، سەل ھەيران قالدىم. ئۇنىڭ بىلەن خېلى چوڭقۇر ئاغىنىدارچىلىقىمىز بولغاچقا، ئۇنى ياخشى چۈشىنەتتىم. ئۇ سۆزمەن، چاققان ۋە پۇرسەتپەرەس يىگىت بولۇپ، ئىدارىدىكى ھەممە كىشى ئۇنى ئوبدان بىلەتتى.

«توۋا، قىزىق ئىش، — دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە، — ئابلەتتىن ئىقتىدارلىق كادىرلار خېلى كۆپ تۇرسا، ئۇنىڭ نەرى ياراپ قالدىكىنە؟!»

بۇ ئىشنىڭ تېگى - تەكتىگە قىزىقىپ، كەچتە ئۇنىڭ ئۆيىگە باردىم. تاماق شىرەسى يېنىدا بەداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ، قورۇمىلارغا ئىشتىھا بىلەن ئېغىز تېگىۋاتقان ئابلەت مېنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇردى:

— ۋاھ، ئەجەب ۋاقتىدا كەلدىڭ بۇرادەر، كەل، يۇقىرى ئۆت، — دەرقەمدە ئولتۇرۇپ رومكا سوقۇشتۇرغاچ خۇشاللىقتىن تەڭ بەھرىمەن بولايلى.

قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىدىن ئۇنىڭ خېلىلا تەڭشىلىپ

قالغانلىقى، تۇرقىدىن قەۋەتلا خۇشال ۋە ھاياجانلىنىپ كەتكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ بوتۇلكىدىكى يېرىملاپ قالغان ھاراقتىن پىيالىگە قۇيۇپ ماڭا ئۇزاتتى. مەن ئۇنىڭ ھارىقىنى تەكەللۇپسىزلا كۆتۈرۈۋەتتىم. كۆپ ئۆتمەيلا بوتۇلكا بىكار بولدى. گرادۇسى ئۆرلەپ قالغان ئابلەت قىزىپ سۆزلىمەكتە ئىدى. گەپ ئۇنىڭ ئۆستۈرۈلگەنلىكىگە يۆتكىلىشى بىلەن تەڭ ئالدىراپ سورىدىم:

— چاققانلىقىڭغا باركاللا بۇرادەر، بۇ مەرتىۋە سوۋغاتىنىڭ خاسىيىتىمۇ؟

— يوقسۇ، ئۇنداق كونا يوللاردا ھازىر ماڭغىلى بولمايدۇ. باشلىقلار بەرگەن پارىنى قايتۇرۇۋەتكەنىنىڭ ئۈستىگە، خەلقئالەم ئالدىدا ئاشكارىلاپ، ئادەمنى رەسۋا قىلىۋاتسا، ئۇنداق قىلغىلى بولامدۇ؟

— ئەمىسە قانداق يول بىلەن ئۆستۈڭ؟

— ھەي، كاللاڭ راست ئىشلىمەيدۇ جۇمۇ سېنىڭ، — ئابلەت مەغرۇرانە كېرىلدى - دە، مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ دېدى:

— مەن مەرتىۋەمنىڭ ئۆسۈشىدە يېڭىچە بىر يول تۇتتۇم، جۇمۇ، ھا ھا ھا...

— قانداق يېڭىچە يول ئۇ؟ — سورىدىم مەن چۈشىنەلمەي.

— سەن دىققەت قىلدىڭمىكىن ئۆتكەندە غوپۇر ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىگە يۆتكەلمەكچى

بولۇۋىدى، باشلىق ھەم باشقا خىزمەتچىلەرمۇ: «غوپۇر ئىقتىدارلىق ئوخشايدۇ، بولمىسا ۋىلايەت دەرىجىلىك ئورۇن ئۇنى تاللاشمايتتى، ئۇنى بېرىپ قويمايلى» دەپ ئۇنى بۆلۈم باشلىقلىقىغا ئۆستۈرمەكچى بولدى، لېكىن ئۇ ئەخمەق بېشىغا قونغان بەخت قۇشىنى ئۇچۇرۇۋېتىپ، ۋىلايەتكە كېتىپ قالدى. قارىسام بۇ ئورۇن بوش قاپتۇ. ئەتىسىلا مەنمۇ «گېزىتخانىنىڭ تاللىشىۋاتىدۇ، يۆتكىلىدىغان بولدۇم» دېگەن يالغان ا خەۋەرنى تارقىتىۋەتتىم. شۇنىڭ بىلەن باشلىقلارنىڭ نەزىرى ماڭا چۈشۈپ: «مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قالغىن، ناھىيىمىز ساڭا ئوخشاش ئىقتىدارلىق كادىرلارغا موھتاج» دېگىلى تۇردى. مەن شۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ باشتا تەڭلىكتە قالغاندەك بولۇۋالدىم، كېيىن ئۇلارغا يۈز كېلەلمىگەن قىياپەتكە كىرىۋالدىم، ئاخىر مۇشۇ يەردە قېلىپ قالىدىغانغا ماقۇل بولدۇم. شۇنىڭ بىلەن ئىشخانىنىڭ ئىشىكى ماڭا ئېچىلدى، مانا بۆلۈم باشلىقى مەن بولدۇم، — دېگىنىچە قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ئابلەت.

1982 ـ يىلى ئىيۇن، پىچان ماچاڭ

# باغاق ئۆستىدىكى ئۆيلار

نىياز مۇدىر بۇگۈن ئەتىگەندىلا بىر پارچە توي باغىقى تاپشۇرۇۋالدى. بۇ باغاق نىياز مۇدىرنىڭ ئالىي مەكتەپتە بىللە ئوقۇغان ساۋاقدىشى، ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى ئەمەتنىڭ ئوغلى ئىلھامجاننىڭ 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۆتكۈزۈلىدىغان توي مەرىكىسىنىڭ باغىقى ئىدى.

نىياز مۇدىر باغاقنى تۇتقىنىچە خۇددى ئالتۇن تېپىۋالغاندەك خۇشال بولۇپ، ئىشخانا ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا ماڭغاچ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاشقا باشلىدى: «ھەي، ئەقىللىق ئادەم باشقىچىلا كېلىدىكەن جۇمۇ، بىز ئون نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا بىر سىنىپتا ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە ئۇ: ‹ساۋاقداش دېگەن ساۋاقداش، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، بىرىمىز ئوقۇتقۇچى، يەنە بىرىمىز مەكتەپ مۇدىرى، ئىدارە باشلىقى، باشقارما باشلىقى، ۋالىي، نازىر، ھەتتا رەئىس بولۇپ كەتسەكمۇ بىر - بىرىمىزنى ئۇنتۇمايمىز. بىر‌ەيلەننىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە،

باشقىلىرىمىز قاراپ تۇرماي ياردەم قولىمىزنى سۇنىمىز، دېگەنىدى. مانا بۇگۈن ئۇنىڭ ماڭا باغاق ئەۋەتكىنى مېنى ئۇنتۇمىغىنى ئەمەسمۇ؟! ھەراست، بۇگۈن دېگەن جۈمە. بۇگۈن راۋۇرۇس تەييارلىق قىلىپ، ئەتە ئەتىگەن سائەت بەشتە مەكتىپىمىزنىڭ كىچىك ماشىنىسىغا چۈشۈپ ماڭسام، ئۇلار ئورنىدىن قوپاي دېگۈچە يېتىپ بارىمىز — دە، كۆرۈشۈپ بولۇپ: «ھە ئەمەت ۋالىي، مەن قىلىدىغان نېمە ئىشلار بار؟»، دەپ سوراپ، ۋالىينى خۇش قىلىۋېتىمەن ئەمەسمۇ؟! مېڭىشىمغۇ ئەتە ئەتىگەن سائەت بەشتە ماڭىمەن، لېكىن كىملەرنى ئەگەشتۈرۈپ ماڭىمەن، توي مەرىكىسىگە نېمە ئىنئام قىلىمەن؟! بۇنى ئوبدان ئويلاشماي بولمايدۇ. ئەمەت نېمىلا دېگەن بىلەن ۋالىي — دە. دۇرۇس ئەمدى ئەقلىمنى تاپتىم، بۇ مەكتەپتە «ھايت» دېسەم، «ھۇيت» دەيدىغان، سىزغان سىزىقىمدىن چىقمايدىغانلار بار ئەمەسمۇ؟! مەن ئۇلاردىن مەمەت، تۇرسۇن، ئېلى، روزى ۋە ھاشىملارغا ئەمەت ۋالىينىڭ ئوغلىنىڭ توي مەرىكىسىگە بارىمىز دېسەم، بۇ گەپ ئۇلارغا مايدەك ياقىدۇ — دە، شۇنىڭ بىلەن چۈجىلەر ئانىسىغا ئەگەشكەندەك مېنىڭ ئارقامدىن ئەگىشىپ بارىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ بەشەيلەننى ۋالىينىڭ ئىش - كۈشلىرىغا سېلىۋېتىمەن. ئۆزۈم بولسام ئەمەت ۋالىي بىلەن بىر قاتاردا تۇرۇپ ياخشى يەپ، ياخشى ئىچىپ، ئاخىرىدا قۇرۇق كېلىپ قالدىم، دەپ ئالتە يۈز يۈەن نەق پۇلنى كونۋېرتقا سېلىپ، ئۇنىڭغا «سوۋغات» قىلىپ، ئۆزۈمنىڭ يۈز - ئابرۇيۇمنى

كۆتۈرىمەن؟! ئۇ يەردىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بەش يۈز يۈەنىنىڭ ئورنىنى كاسسىر مائاش تارقاتقاندا، ئۇنىڭغا ھېلىقى بەشەيلەنىنىڭ مائاشىدىن يۈز يۈەندىن تۇتقۇزۇپ تولدۇرىمەن، قالغان يۈز يۈەننى قايتا ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش پۇلىدىن كاسسىرغا دەپ چىقىم قىلغۇزىمەن. ئۇ بەشەيلەن مېنىڭ ئالدىمدىغۇ غىڭشالمايدۇ، مۇبادا غىڭشىسا، مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاش يۈز يۈەن چىقىم قىلدىمغۇ، يەنە نېمە گەپ، دەپ ئۇلارغا بىر ئالىيىمەن-دە، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار غىدىڭ-پىدىڭ قىلالمايدۇ».

نىياز مۇدىر شۇ خۇشاللىقىدا قوللىرىدا قاس چىقىرىۋېتىپ، ھېلىقى بەش ئوقۇتقۇچىغا تويغا بارىدىغانلىق ھەققىدىكى «خۇش خەۋەر»نى يەتكۈزۈپ قويۇش ئۈچۈن ئىشخانىسىدىن چىقىپ، تېز-تېز قەدەم تاشلاپ ئوقۇتقۇچىلار ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتتى.

1989-يىلى ئاۋغۇست. پىچان ماچاڭ

# ھەي، سەنزە

ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى تۇرسۇن ئۆيدە بۈگۈنكى گېزىتنى كۆرۈۋېتىپ، بىردىنلا قول ئاستىدىكى ئابابەكرىنىڭ «جىددىي توقۇنۇش» دېگەن ھېكايىسىگە كۆزى چۈشۈپ قالدى ـ دە، ئۇنى ئوقۇشقا كىرىشتى ۋە: «ۋاھ، بۇ نېمىمۇ قەغەز بوياپ يۈرىدىكىنا تېخى، پۇل تاپىمەن دەپ خەقنىڭ قىلمايدىغان ئىشى قالمىدى ـ دە، بۇ كەمدە» دەپ ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلاپ قويدى.

ھايال ئۆتمەي ئۇنىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ، قاپاقلىرى لىپىلداشقا باشلىدى. ئۇ قولىدىكى تاماكىسىنى ئارقا ـ ئارقىدىن قاتتىق شورايتتى. ئۇ ھېكايىنى ئوقۇپ تۈگەتكەندىن كېيىن، ئىختىيارسىز ئورنىدىن چاچراپ تۇردى ـ دە، گېزىتنى يەرگە پۇرلەپ ئاتتى، ئارقىدىنلا يەنە قولىغا ئېلىپ تۆت پارچە قىلىپ يىرتىپ، مەشتە يالقۇنجاپ كۆيۈۋاتقان ئوتقا تاشلىدى. بۇ ھېكايىدە مەلۇم بىر ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقىنىڭ يامان ئىللىتى پاش قىلىنغانىدى.

گېزىت پارچىلىرى مەش ئىچىدە بىر دەمدىلا كۆيۈپ كۇلگە ئايلاندى. باشلىقمۇ پۇخادىن چىققاندەك بولۇپ قالدى. دەل شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيدىغان ئوغلى ئەركىن بىر نەچچە ۋاراق قەغەزنى كۆتۈرگەن هالدا ئۆيگە كىرىپ كەلدى.

— ئاتا، ئەدەبىيات مۇئەللىمىمىز بۇ قېتىمقى تەتىل ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ بىر پارچە هېكايە يېزىپ كېلىڭلار، دېگەنىدى. ئىككى كۈندە بۇ هېكايىنى يېزىپ چىقتىم، كۆرۈپ بېقىڭە!

— سەنمۇ هېكايە يازدىڭمۇ تېخى؟ — ئالايدى ئۇ بالىسىغا.

— قويغىنا، شۇ هېكايە دېگەن نېمىنى.

تۇرسۇن بالىنىڭ قولىدىكى قەغەزنى «شارت» قىلىپ تارتىپ، پارچە ـ پارچە قىلىپ يەرگە ئاتتى. ئاتىسىنىڭ بۇ هالىتىنى كۆرگەن بالا هېچ نەرسىنى چۈشەنەلمەي يىغلامسىراپ:

— ئاتا، بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟ بۇ سىزنىڭ ماڭا ۋە ئۇكىلىرىمغا بولغان كۆيۈمچانلىقىڭىزنى مەدھىيىلەپ يازغان «مېنىڭ ئاتام» دېگەن هېكايە ئىدى، — دېدى.

— نېمە، نېمە دېدىڭ؟ مېنى مەدھىيىلەپ يازغانما؟

— هەئە!

— ئاپلا! نېمىشقا باشتا شۇنداق دېمەيسەن؟

— هەي، سەنزە...

1980 ـ يىلى 2 ـ فېۋرال، پىچان چىقتىم

# مىيىت

ئەخمەتجان ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ دېگۈدەك ئۆيگە كىردى ـ دە، دادىسى قۇربان ئاخۇنغا سۆزلەشكە باشلىدى:

— دادا، تېز بولۇڭ، جامائەت سىزنى ساقلاپ قالدى، مەرھۇم شۆھرەتنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈپ بېرىڭ.

— شۆھرەتنىڭ؟

— ھە، شۇنداق.

— شۆھرەت دېگەن ھېلىقى كۈندە كوچىدا مەست يۈرىدىغان جېدەلخور، يالاڭئاش بالا شۇمۇ؟!

— ھە... شۇ، سىز ئۆلۈپ كەتكەن ئادەمنىڭ...

— مەن ئۇنداق ھاراقكەشلەرنىڭ نامىزىنى چۈشۈرمەيمەن. ئۇنداق كىشىلەرنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈش گۇناھتۇر.

— ئۇنداق دېمەڭ دادا، شۆھرەت دېگەن ھېلىقى يۇسۇپ ھاكىمنىڭ بالىسى، سىز بۇنى بىلەمسىز؟

— يۇسۇپ ھاكىمنىڭ دېدىگىما؟

— ھە. . .

— ئۇنداق بولسا، مەن باراي. . .

1990ـ يىلى 20 ـ ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى

# خىجىللىق

ھېيتلىق كىيىملىرىنى كىيىپ، چىرايلىق ياسانغان چىمەنگۈل سومكىسىنى ئېسىپ، ئادەملەر مىغىلداپ تۇرغان يولدا تېز ـ تېز قەدەم تاشلاپ كېتىپ باراتتى. ئۇ قارشى تەرەپتىن كېلىۋاتقان كونىراق سومكا كۆتۈرۈۋالغان بىر بوۋايغا تۇيۇقسىز سوقۇلۇپ كەتتى.

— كۆزىگە قاراپ ماڭسا بولمامدۇ؟ — دېدى چىمەنگۈل بوۋايغا زەردە بىلەن. ئۇ تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ بوۋايغا بىر ئالايغاندىن كېيىن، قولىدىكى كىچىك سومكىسىنى ئاچتى ـ دە، قول ياغلىقىنى شارتتىدە چىقىرىپ، بوۋاينىڭ سومكىسى تېگىپ كەتكەن تىزىنى سۈرتكىنىچە كېتىپ قالدى.

— توختىسىلا قىزىم، — تۇيۇقسىز ھېلىقى بوۋاي چىمەنگۈلنىڭ ئارقىسىدىن ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ يېتىپ

كەلدى، — رەنجىمەي توختاپ تۇرسىلا قىزىم.

— قىزنى تېپىپ قىزىم دېسە بولمامدۇ ماۋۇ قېرى، — چىمەنگۈل ئارقىسىدىن يېتىشىپ كېلىۋاتقان بوۋايغا قاراپمۇ قويماي قوپاللىق بىلەن شۇنداق دېدى، — مەندە يەنە نېمە ئىشلىرى بار ئىدى؟ يوللىرىغا ماڭسىلا!

— خاپا بولمىسىلا قىزىم، مەن ھازىرلا يولۇمغا ماڭاي، باياتىن سومكىلىرىنى ئېچىپ قول ياغلىقلىرىنى ئالغاندا ماۋۇ نەرسىلىرى چۈشۈپ قېلىۋىدى، كۆرمەي كېتىپ قالدىلا قىزىم.

چىمەنگۈل بوۋاينىڭ قولىغا قارىدى. ئۇ ۋېلىسىپىت ئېلىش ئۈچۈن ئۆيىدىن چىققۇچە ئېلىۋالغان ئۈچ يۈز يۈەن پۇلنى سېلىۋالغان پۇل قاپچۇقى بوۋاينىڭ قولىدا تۇراتتى. قاتتىق ئىزادا قالغان چىمەنگۈلنىڭ ئاپئاق يۈزى ۋىلىلدە قىزاردى ـ دە، بوۋاينىڭ قولىدىن پۇل قاپچۇقىنى قانداق ئېلىشنى بىلەلمەي قاققان قوزۇقتەك ئورنىدا تۇرۇپلا قالدى.

1982 ـ يىلى 20 ـ ئىيۇل، پىچان ماچاڭ

# پرىنسىپ دېگەن

جاھاندا خەقنىڭ ئالدىغا بېرىپ، چىراي سارغايتىشتىن ئارتۇق قىيىن ئىش بولمىسا كېرەك. ئالدىغا بارغىنىڭغا يارىشا، ھالىڭغا يېتىپ ياردەم قولىنى سۇنسىغۇ ياخشى، بىراق غازدەك غادىيىۋېلىپ، سوغۇق مۇئامىلە قىلسا كىشىگە تولىمۇ ئەلەم بولىدۇ ـ دە!

مەن ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، ئائىلەمدىن بىر يۈز ئەللىك كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بۇ چەت يېزىنىڭ ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقىنىمغا مانا ئون يىل بولۇپ قالدى.

مەن مەكتەپنى يېڭى پۈتتۈرگەن ۋاقتىمدا ئاتا ـ ئانامنىڭ يېشى يەتمىشكە بېرىپ قالغان بولسىمۇ، خىزمەت تەقسىماتىغا بويسۇنۇپ، ئەنە شۇ يىراق يېزىدا خىزمەتكە

چۈشكەنىدىم. شۇ چاغدا كادىرلارنىڭ، ھەتتا باشلىقلارنىڭ بالىلىرىمۇ يېزىلارغا تەقسىم قىلىنغانىدى. بىراق، ئۇلار بىرەر مەۋسۇم ئىشلەپ دېگۈدەكلا ئائىلىسىگە يېقىن مەكتەپلەرگە يۆتكىلىشۋالدى. شۇ چاغدا مېنىڭمۇ ئۇلارغا ئوخشاش ئائىلەمگە يېقىن مەكتەپلەرگە ئالمىشىپ خىزمەت قىلغۇم بار ئىدى. بىراق، شۇ ئاتا ـ ئانامنىڭ دېھقان بولۇپ قالغىنى، دېھقان دېگەننىڭ گېپى نەگە ئۆتەتتى. شۇنداق قىلىپ چەت يېزىدا تاماقنى ئۆزۈم ئېتىپ يەپ، جاپاغا چىداپ، خىزمەتنى جان ـ دىلىم بىلەن ئىشلەپ بەش يىلنى ئۆتكۈزدۈم. شۇ يىلى تەتىل مەزگىلىدە ئاتام كېسەل سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى. ئائىلىدە مەندىن باشقا بالا بولمىغاچقا، ئائىلىنىڭ بارلىق ئېغىر ـ يېنىك ئىشلىرى ئاشۇ بىچارە ئانامغىلا قالدى.

مەن مائارىپ ئىدارىسىگە نۇرغۇن قېتىم بېرىپ، ئائىلىمىزنىڭ قىيىنچىلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، مېنى يۆتكەپ قويۇشنى ئېيتقان بولساممۇ، مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ھەر قېتىم مېنى: «سەن بىلىسەن، ناھىيىمىزگە يېقىن مەكتەپلەر ئوقۇتقۇچىلارغا توشۇپ كەتتى، بۇ يەرگە كەلگىنىڭ بىلەنمۇ ساڭا خىزمەت يوق، بىزنىڭ پرىنسىپىمىز — ئوقۇتقۇچى كەمچىل يەرلەردىكى ئوقۇتقۇچىلارنى قەتئىي يۆتكىمەسلىك، شۇڭا سەن ئورنۇڭدا ئىشلەپ تۇرغىن» دەپ يولغا سالدى.

دەردىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ، ئەسلىي ئورنۇمدا داۋاملىق ئىشلەشكە مەجبۇر بولدۇم.

ھەش - پەش دېگۈچە يەنە بەش يىلمۇ ئۆتۈپ كەتتى. بۇ جەرياندا يەنە قانچە پارچە ئىلتىماس يازغانلىقىمنى ھەم مائارىپ ئىدارىسىگە قانچە قېتىم قەدەم باسقىنىمنى بىلمەيمەن، ئۇلارنىڭ ئېغىزىدىن يەنىلا ھېلىقى پرىنسىپلار چىقاتتى.

مانا بۇ يىل يازلىق تەتىلدە ئائىلەمگە كەلسەم، ئانام ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. مەن ئانامنى دوختۇرخانىدا داۋالاتقاچ يۆتكىلىش ئۈچۈن يول ماڭدىم، بىراق يەنىلا ھېلىقى «پرىنسىپ» تەكرارلىناتتى. مەن كۆزلىرىمگە ياش ئېلىپ باشلىقنىڭ قوروسىدىن تاشقىرىغا ماڭدىم، بۇ چاغدا باشلىق ماڭا ئۇرغۇلۇق قىلىپ:

— سەن ھە دىسىلا ئۆيىمىزگە كېلىۋالما، يېقىندا ئوغلۇمنىڭ تويى بولىدىغان بولغاچقا، بىز ئالدىراش، — دېدى.

مەن كېتىۋېتىپ باشلىقنىڭ سۆزىنى ئويلاپ قالدىم. مېنىڭ يۆتكىلىش ئىشىم باشلىقنىڭ توي ئىشى بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى باردۇ؟ ئىككىسى ئىككى ئىش ئەمەسمۇ؟!

توغرا، باشلىقنىڭ ئوغلۇمنىڭ تويىنى قىلىمەن دېگىنى «سوۋغات بولسا ئەپكەل» دېگىنىمۇ يا؟! بولمىسا بۇ ئىشنى ماڭا دەپ نېمە قىلىدۇ؟! مەن ئۆيگە كېلىپ پۇلغا يارىغۇدەك نەرسىلەرگە كۆز يۈگۈرتتۈم. ئۆيىمىزنىڭ كەينىدىكى

ياغاچلار كىچىك، شوڭا پۇلغا يارىمايدۇ، قانداق قىلىشىم كېرەك، ئاخىر كۆزۈم قوتانغا چۈشتى.

ئانامنىڭ ئون يىلدىن بۇيان مېنىڭ تويۇمنى قىلغاندا ئىشلىتىشكە باققان سېمىز قويىدىن ئالتىسى بار ئىدى. مەن ئۇلاردىن ئىككىسىنى تاللىدىم ـ دە، كەچتە باشلىقنىڭ ئۆيىگە ئاپاردىم. قوي ئەپكەلگىنىمنى كۆرۈپ، باشلىقنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى:

— هە، سەمەتجان، نېمە قىلغىنىڭىز بۇ، قويلارنى يېتىلەپ كەپسىزغۇ؟

— باشلىق، ئوغۇللىرىنىڭ تويىغا كېرەك بولىدۇ، — دېدىم چىرايىمغا زورمۇزور كۈلكە يۈگۈرتۈپ.

— نېمىدېگەن سېمىز قويلار بۇ؟ — باشلىقنىڭ ئايالىنىڭ ئاغزى خۇشاللىقتىن يۇمۇلمايلا قالدى. ئۇ بىردە ئېرىگە، بىردە ماڭا قارايتتى.

— بولدى خوتۇن، سەن سورىما، مەن ساڭا كېيىن چۈشەندۈرۈپ قويىمەن، بۇ قويلارنى ئېغىلغا سولىۋېتىپ، چاي تەييارلىغىن! — دېدى باشلىق مېنى ئۆيگە باشلىغاچ.

مەن ئون يىل جەريانىدا نەچچە قېتىم كېلىپ، بىرەر قېتىممۇ كىرەلمىگەن بۇ ئۆيگە ئەمدى كىردىم. بۇرۇن «سەن» لەپ كەلگەن باشلىق ۋە ئۇنىڭ ئايالى ئەمدىلىكتە مېنى «سىز» لىمەكتە، هۆرمەتلىمەكتە ئىدى.

هەش ـ پەش دېگۈچە شىرەگە هەرخىل نازۇنېمەتلەر تىزىلدى.

— قېنى، تاماق پىشقۇچە ئالغاچ تۇرۇڭ، — دېدى باشلىق تەبەسسۇم بىلەن.

مەن «ماقۇل» دېگەندەك بېشىمنى لىڭشىتىپ قويدۇم.

— سەمەتجان، سىزنى نەچچە يىلدىن بېرى بىر مەكتەپتە بوش ئورۇن چىقىپ قالسا، شۇ ئورۇنغا يۆتكەپ قويىماي دەپ ئويلىغان بولسامۇ، مۇۋاپىق ئورۇن چىقمىغانىدى. مەنمۇ سىزنىڭ ئالدىڭىزدا خىجىل. يېقىندا سىزنىڭ ئائىلىڭىزگە يېقىن يەردىكى «ئىتتىپاق مەكتىپى» دىن بىر ئوقۇتقۇچى ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ كەتتى، شۇنىڭ ئورنىغا سىزنى يۆتكەپ قويايمىكىن، دەپ خىيال قىلىپ تۇرغان، سىز غەم قىلماڭ. بىر ھەپتىدىن كېيىن سىزگە يۆتكىلىش قەغىزى كېلىدۇ، — دېدى خۇشال ھالدا.

مەن باشلىقنىڭ ئېغىزىدىن بۇنداق ياخشى گەپلەرنىڭ چىققانلىقىدىن خۇشال بولۇپ، كۆتۈرەڭگۈ روھ ئۆيگە قايتتىم. مەن ئىلگىرى مائارىپ ئىدارىسىگە ياكى باشلىقنىڭ ئۆيىگە بارغانلىرىمدا ھەر نۆۋەت ھېلىقى «ئادەم ئاز يەردىن ئوقۇتقۇچى يۆتكىمەيمىز» دەيدىغان پرىنسىپنى ئاڭلىغان. بۇ قېتىم ئۇ «پرىنسىپ» نەلەرگە كەتتىكىنتاڭ؟!

1991 ـ يىلى 10 ـ سېنتەبىر. ئۈرۈمچى

# ئايالىم

ئىككى ھەپتە ئىلگىرى گېزىتكە «سۆيگىنىم» سەرلەۋھىلىك بىر پارچە شېئىر ئەۋەتكەنىدىم. مانا بۈگۈن ئىشخانىدىكى ئوقۇتقۇچىلار ئۇنى بەس - بەستە ئوقۇشقا باشلىدى.

بۇ مەن ئۈچۈن خۇشاللىق. مېنىڭ ھېلىقى شېئىرىم گېزىتنىڭ «ئەدەبىيات گۈلزارى» سەھىپىسىنىڭ بىرىنچى ئىستونىغا بېسىلغانىدى. مەن شۇ تونۇش مىسرالارنى خۇشاللىق بىلەن قايتا ئوقۇۋاتقىنىمدا ئايالىم:

— نېمە بولدى، ئۆزىڭىزچىلا خۇشال بولۇپ كېتىپسىزغۇ؟ — دەپ سوراپ قالدى.

— مېنىڭ ئۆتكەندە يازغان ھېلىقى شېئىرىم گېزىتكە بېسىلىپتۇ ئەمەسمۇ.

— قېنى، مەن كۆرۈپ باقاي، — ئايالىم قولۇمدىكى گېزىتنى ئېلىپ، بىر قۇر ئوقۇغاندىن كېيىن، چىرايى

تۇرۇلۇپ كەتتى:

— ھەي ئالا كۆكۈل، خوتۇنۇڭ تۇرۇپمۇ، يەنە باشقا بىرسىنى سۆيگىنىم ـ پۆيگىنىــــم، يارىم ـ پارىم دەپ يۈرۈشتىن نومۇس قىلساڭ بولمامدۇ. مەن تېخى سېنى باشقىلاردىن يازغۇچى دەپ ئاڭلاپ، قەلەم ھەققــــى كۆپ كەلسە، كۆپ كىيىپ، كۆپ يەپ، دوست ـ دۈشمەن ئالدىدا ياخشى كۈن كەچۈرۈپ يۈرىمەنمىكىن، دەپ سەن بىلەن توي قىلسام، بۇگۈنكى كۈندە مەندىن چېنىپ باشقىـــلارنــــى سۆيگىنىڭ قىلماقچىمۇ؟ بولدى، سەندىن خېتىمنى ئالىمەن، يۈر خەت كېسىدىغان يەرگە، — دەپ يىغلاپ ـ قاقشاپ ئۆيىنى بېشىغا كىيدى.

مەن ئايالىمنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىـــن كۈلگىنىمچە:

— بۇ دېگەن شېئىر، بۇنىڭغىمۇ شۇنچىلىك قىلغان بارمۇ؟ — دېدىم.

— باشقا سۆيگىنىڭ بولمىــــسا مۇشۇنداق شېئىــــر يازامسەن؟ تولا ۋالاقلاپ مەندىن قۇتۇلىمەن دەپ ئويلىما، يۈر دېگەندىن كېيىن يۈر، — ئايالىم تېخىمۇ ئەسەبىيلىشىپ چاپىنىمنىڭ پېشىنى تارتىپ، يېزىلىق ھۆكۈمەتكە بېرىشقا قىستىدى.

مــەن ئـۇنداق دەپمـۇ، مـۇنداق دەپمـۇ ئـايـالـــمغـا چۈشەندۈرەلمىدىم ـ دە، ئاخىر ئۇنىڭ گېپىگە كىرىپ سىرتقا

ماڭدىم.

ئەللىك ـ ئاتمىش قەدەم مېڭىشىمىزغا خىزمەتدىشىم ئەخمەتجاننىڭ:

— ئالىمجان، ئالىمجان، — دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— گېزىتنى ئېچىپ قارىسام، قېتىمدىن بىر پارچە پۇل پېرېۋوت چېكى چىقتى، قارىسام سىزنىڭ قەلەم ھەققىڭىزكەن، — دېدى ئۇ.

— رەھمەت سىزگە، — دەپ ئۇنىڭ قولىدىن چەكنى ئالدىم.

— نېمە؟ ھېلىقى شېئىرىڭىزغا قەلەم ھەققى كەپتىما؟ — ئايالىم كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ پۇل چېكىگە قارىدى.

— ھە، — دېدىم مەن سوغۇققىنا قىلىپ.

— قانچە پۇلكەن؟

— 32 يۈەن.

— بۇنى ماڭا بېرىڭ، ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن نېمىدەپ يازسىڭىز يېزىڭ، چاتىقىم بولمىسۇن، لېكىن قەلەم ھەققى مېنىڭ بولسۇن، — دېدى ئۇ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ.

— چاتاق يوق، — دېدىم مەن ئايالىمنىڭ ھېلىقى ئىشلىرىغا بىردە ئاچچىقىم، بىردە كۈلگۈم كېلىپ ۋە ئىشخانىغا تېز ـ تېز قەدەم تاشلاپ كىرىپ كەتتىم.

1988 ـ يىلى 26 ـ ئاپرېل، پىچان چىقتىم

# پاختا زاۋۇتىدا

قاسىم بوۋاي تاڭ سۈزۈلۈشى بىلەن خالتىلارغا قاچىلاپ قويغان پاختىلارنى هارۋىغا بېسىپ، پاختا زاۋۇتىغا مېڭىشتى:

— ئاتا، پاختا زاۋۇتىغا بارامسىز؟ — دەپ سورىدى قاسىم بوۋاينىڭ ئون سەككىز - ئون توققۇز ياشلاردىكى قىزى گۈلنىسا.

— هەئە!

— مەنمۇ باراي، پاختا ئۆتكۈزۈشتە بىرلا ئادەم بولسا يالغۇزچىلىق تارتىپ قالار هەقىچان.

— بولىدۇ قىزىم، مەن يالغۇزلا باراي دېگەنىدىم، بىراق ئادەم يالغۇزچىلىق تارتىپ قالىدىكەن. ئۆتكەن يىلىمۇ پاختا ئۆتكۈزگىلى بارغاندا پاختىنى زاۋۇت مەيدانىغا تۆكۈۋېتىپ، هارۋىنى سىرتقا باغلاپ قويۇپ كىرگۈچە پاختىنىڭ يېرىمىنى بىرسى ئوغرىلاپ كېتىپتۇ. باشقىلاردىن سورىسام، ئۇلار ئالدىراشچىلىقتا بىزمۇ دىققەت قىلماپتىمىز

دەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىككى يۈز يۈەندەك زىيان تارتتىم.

ئاتا ـ بالا پاختا زاۋۇتىغا سەھەردىلا يېتىپ باردى، لېكىن زاۋۇت دەرۋازىسى ئالدىدا قاسىم بوۋايغا ئوخشاش پاختا ساتقۇچىلاردىن ئون بەش ـ يىگىرمىسى تىزىلىپ كەتكەنىدى.

ئاردىن بىرەر سائەتتەك ئۆتۈپ، زاۋۇتنىڭ دەرۋازىسى ئېچىلدى.

پاختا ساتقۇچىلار هارۋىلىرىنى ئالدىراش ھەيدەپ پاختا زاۋۇتىنىڭ مەيدانىغا ئېلىپ كىردى ـ دە، پاختىلارنى رەتلىك تۆكۈشكە باشلىدى.

ئاردىن بىر ئاز ۋاقىت ئۆتۈپ، ئىشخانىدىن يىگىرمە بىر ـ يىگىرمە ئىككى ياشلار ئەتراپىدىكى ئىككى يىگىت چىقىپ، قولىدا كۆتۈرۈۋالغان سومكىلىرىدىن نومۇر چىقىرىپ تارقاتتى ـ دە، نومۇر ئېلىپ بولغان كىشىلەرنىڭ پاختىسىنى ئېلىپ پرىيوم قىلىش ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتتى. قاسىم بوۋاينىڭ پاختىسىغا قىزى گۈلنىسا قاراپ قالدى. پرىيوم قىلىش ئىشخانىسىنىڭ دېرىزىسى ئالدىدا رەتكە تىزىلىپ، پاختا دەرىجىسىنىڭ ئېلان قىلىنىشىنى كۈتمەكتە ئىدى.

پاختا دەرىجىسى ئېلان قىلىنىشقا باشلىدى. بەزىلەر خۇشال بولۇپ: «مېنىڭ پاختام ياخشىدى، شۇڭا دەرىجىسى يۇقىرى چىقىپتۇ» دېسە، يەنە بەزىلەر: «مېنىڭ پاختام ياخشىدى، بىراق دەرىجىسىنى تۆۋەن چىقىپ قاپتۇ، بۇ پرىيومچىلار بىلەن تونۇشمىغانىنىڭ كاساپىتى» دېيىشەتتى.

نۆۋەت قاسىم بوۋايغا كەلدى. ئۇ ئۈمىدلىك كۆزلىرى بىلەن ھېلىقى پرىيومچى يىگىتكە قارىدى، يىگىتمۇ قاسىم بوۋايغا قاراپ قويۇپ:

— مانا ئالسىلا بۇ قەغەزنى، — دەپ ئۇزاتتى پاختا دەرىجىسى يېزىلغان قەغەزنى تولۇق بىلەن.

قاسىم بوۋاي خۇشاللىق بىلەن قەغەزنى قولىغا ئالدى ۋە ساۋاتسىز بولغاچقا كۆڭلىدە «پاختامنىڭ دەرىجىسى ھەرقاچان خېلى يۇقىرى چىقتى» دەپ ئويلاپ، كۈلۈمسىرەپ قويدى. ئۇ كىشىلەر ئارىسىدىن قىستىلىپ چىقىپ، ئۇدۇل پاختىسىنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە قولىدىكى قەغەزنى گۈلنىساغا سۇنۇپ:

— قىزىم كۆرۈپ باققىنا، پاختىمىزنىڭ دەرىجىسى خېلى يۇقىرىمىكىن؟ — دېدى.

— ئاتا قاراڭ، شۇنچە ياخشى پاختىنىڭ دەرىجىسىنى ئۈچىنچى قىلىۋېتىپتۇ، — دېدى گۈلنىسا خاپا بولغان ھالدا.

— ئۈچىنچى دېدىڭما؟

— شۇنداق.

— ھەي، بۇ بالىلارنىڭ قىلغان ئىشىنى قارىمامدىغان، شۇنچە ياخشى ھەم پاكىز پاختىنىڭ دەرىجىسىنى قاراپ تۇرۇپ ئۈچىنچى قىلىۋەتسە كىمنىڭمۇ ئاچچىقى كەلمەيدۇ، — دېدى ـ دە، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ تۇرۇپ ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، — بولدى، بۇ زاۋۇتقا پاختامنى ساتمايمەن، قىزىم ھارۋىنى ئېلىپ كىرگىن، ئېلىپ كېتەيلى، — دېدى. قىز

بىرئاز ئارىسالدى بولۇپ تۇرۇپ قالدى ۋە:
— ئاتا، سىز پاختىنغا قاراپ تۇرۇڭ، مەن تەكشۈرتۈپ كۆرەي، ئۇلار ئالدىراشچىلىقتا بەلكىم شۇنداق چىقىرىپ قويغاندۇ، — دېدى.
— هەي قىزىم، ئەخمەق بولۇپ قالدىڭمۇ، پاختا پىرىيوم قىلىدىغانلار يەنىلا هېلىقى ياش باللار تۇرسا، يەنىلا، ئوخشاشلا چىقارمامدۇ؟
— ئاتا، خاپا بولماڭ، پاختىمىز ياخشى بولغاندىكىن، يەنە بىر قېتىم تەكشۈرتۈپ باقايلى. . .
— بولىدۇ قىزىم، سېنىڭمۇ كۆڭلۈڭ قالمىسۇن تەكشۈرتۈپ باققىن.
گۈلنىسا بىر چاڭگال پاختىنى ئالدى ـ دە، ئادەم شالاڭشىپ قالغان پىرىيوم قىلىش ئىشخانىغا كىردى.
— سىزمۇ پاختا ئەپكەلدىڭىزمۇ؟ — سورىدى هېلىقى پىرىيومچى يىگىت چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ.
— هە! — دەپ جاۋاب بەردى گۈلنىسا تارتىنىغان هالدا.
— ئەكېلىڭ، پاختىڭىزنى تەكشۈرۈپ باقاي، — ·بىگىنىچە يىگىت قىزنىڭ قولىدىن پاختىنى ئېلىپ تەكشۈردى ;ە قىزغا تەبەسسۇم بىلەن قاراپ قويۇپ، ئۈستەل ئۈستىدىكى قەغەزگە پاختىنىڭ دەرىجىسىنى يېزىپ، قىزغا سۇندى. گۈلنىسا قولىغا پىرىيوم دەرىجىسى يېزىلغان قەغەزنى ئېلىپ كۆرۈپ، پاختىنىڭ بىرىنچى دەرىجىگە ئۆتكەنلىكىدىن خۇشال بولۇپ، ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى.

ھېلىقى يىگىت گۈلنىسانىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ پاختا مەيدانغىچە باردى. گۈلنىسا خۇشاللىقىدىن قىن ـ قىنىغا سىغماي، ئاتىسىغا پاختىنىڭ دەرىجىسىنى خەۋەر قىلىۋاتاتتى.

— بۇ كىشى سىزنىڭ نېمىڭىز بولىدۇ؟— دەپ سورىدى يىگىت قىزچاقتىن سەل تارتىنىپ.

— مېنىڭ ئاتام بولىدۇ.

— ھە، باشتا ئەجەب بىلمەي قاپتىمەن،— پرىيومچى يىگىتنىڭ يۈزى ئوت ئالغاندەك قىزىرىپ كەتتى ۋە ئاستا ئارقىغا ياندى.

1990 ـ يىلى 20 ـ مارت، پىچان چىقتىم

# يۆتكىلىش ئارىلىقىدىكى ئويلار

كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ شۆجىسى سەمەت ئىشخانىسىدا گېزىت كۆرۈپ ئولتۇراتتى، توساتتىن ئىشىك «غىچ» قىلىپ ئېچىلىپ، پوچتىكەش كىرىپ كەلدى ۋە:

— شۆجى سىزگە خەت كەپتۇ، — دېدى.

شۆجى گېزىتتىن كۆزىنى ئۈزۈپ:

— نەدىن كەپتۇ؟ — دەپ سورىدى خۇشاللىق بىلەن.

— ناھىيىلىك تەشكىلات بۆلۈمىدىن.

— ھە، ناھىيىلىك تەشكىلات بۆلۈمىدىن دەمسىز؟ ئەكىلىڭ كۆرۈپ باقاي، قانداق خەۋەر باركىن، — شۆجى ئالدىراشلىق بىلەن خەتنى ئالدى ـ دە، كونۋېرتنى يىرتتى.

خەتكە شۆجىنىڭ ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىگە شۆجى بولۇپ بارىدىغانلىقى ھەققىدىكى خۇش خەۋەر يېزىلغان ئىدى.

بۇ خۇش خەۋەر ئۇنى خۇشال قىلىپ، ئورنىدا ئولتۇرالماس قىلىپ قويدى. ئۇ ئىشخانىدىن چىقىپ،

ئۇچرىغانلىقى كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ ناھىيىلىك ئورمانلىق ئىدارىسىگە شۇجى بولۇپ بارىدىغانلىقىنى سۆزلەپلا قالماي، «ئىشەنمىسەڭلار كۆرۈپ بېقىڭلار» دەپ قولىدىكى ئالاقىنى كۆرسەتتى.

شۇجىنىڭ يۆتكىلىدىغانلىق ھەققىدىكى خەۋەر بىر دەمدىلا پۈتۈن كەنتكە پۇر كەتتى.

شۇجى «يۆتكىلىدىغانلىقىم ھەققىدىكى خەۋەرنى ئەمدى ئۆيۈمدىكىلەرگە ئۇقتۇرۇشۇم كېرەك» دەپ ئويلىدىمۇ، كىشىلەر توپىدىن ئايرىلىپ ئۆيىگە يول ئالدى.

ئۇ يولدا كېتىۋېتىپ «مېنى قانداقراق بىرەر باشلىق يۇقىرىغا تارتقاندۇ؟ مەن يېڭى خىزمەت ئورنىغا بېرىپ شۇ باشلىقنى سۈرۈشتە قىلىپ تېپىشىم، مېڭىشتىن بۇرۇن مەھەللىمىزنىڭ يوغان لىملىرىدىن ئېلىۋېلىشىم، كېيىن ئۇ لىملارنى مېنى يۇقىرىغا تارتقان شۇ باشلىققا سوۋغا قىلىشىم كېرەك. يەنە باشلىققا يارىغۇدەك نېمىلەر باردۇ؟» دېگەنلەرنى ئويلايتتى.

1986 - يىلى 6 - ئاۋغۇست، پىچان ماچاڭ

# ئاھ ، ئۇمىدىم

مۇسا ئاكا ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوغلى لېتىپجاننى يوقلاش ئۈچۈن تۆت كۈنلۈك يولنى بېسىپ، يىراق سەھرادىن ئاۋات شەھەرگە چىڭقىچۇش مەزگىلىدە يېتىپ كەلدى.

«يول ئازابى — گۆر ئازابى» دېگەندەك، ئۇزۇن سەپەر مۇسا ئاكىنى ھاردۇرغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ قۇياش پاتقۇچە بالامنى تېپىۋالاي، دېگەن ئۈمىدتە يانچۇقىدىن ئوغلى ئەۋەتكەن خەتنىڭ كونۋېرتىنى چىقىرىپ، مەكتەپنىڭ ئادرېسىغا پات - پات قاراپ قوياتتى.

ئۇ ئاپتوبۇس بېكىتىدىن چىقىپ، كىشىلەردىن سوراپ يۈرۈپ، كوندە دېگۈدەك ئادەم دېڭىزىغا ئايلىنىپ تۇرىدىغان دۆڭكۈۋرۈك بازىرىغا كەلدى - دە، بىر ئۇن - سىن بۇيۇملىرى ماگىزىنىغا كىرىپ، ئۇ يەردە سودا قىلىۋاتقان 24 — 25 ياشلار چامىسىدىكى، ئېگىز بوي، بۇغداي ئۆڭ يىگىتكە كونۋېرتنى كۆرسىتىپ بالىسى ئوقۇۋاتقان

مەكتەپنىڭ قەيەردىلىكىنى سورىدى.

— ئاكا، سىز مۇشۇ يولنى بويلاپ جەنۇبقا بىر ئەر كىلومېتىر دەك ماڭسىڭىز، يولنىڭ سول تەرىپىدە مەكتەپنىڭ دەرۋازىسىنى كۆرىسىز، شۇ دەرۋازىدىن كىرىپ ئۇچرىغان باللاردىن سوراڭ، شۇ چاغدا بالىڭىزنى ئوڭايلا تېپىۋالىسىز،— دەپ جاۋاب بەردى تىجارەتچى يىگىت قولى بىلەن يولنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

— رەھمەت ئۇكام، سىزنى ئاۋارە قىلدىم،— دېگىنىچە مۇسا ئاكا تىجارەتچى يىگىت بىلەن خوشلىشىپ يولنى داۋام قىلدى.

يەكشەنبە كۈنى بولغاچقا كوچىدا ئادەم كۆپ ئىدى، شۇ سەۋەبتىن يولدا تېز ماڭغىلى بولمايتتى. ئۇ ھېرىپ - چارچىغان يېرىدە قولىدىكى ئېغىر سەپەر سومكىسىنى قويۇپ، دەم ئالغاچ ئۇياقتىن بۇياققا توختىماي ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئادەملەرگە، يول بويىدىكى دۇكانلارغا ۋە ئەينەكتەك تۈپتۈز ئاسفالت يولدا كېتىۋاتقان ھەر خىل ماشىنىلارغا تويماي قارايتتى. ھاردۇقى بىر ئاز چىقىسىلا يول يۈرەتتى. مۇسائاكا يېرىم سائەتتەك يول يۈرۈپ، ئوغلىنىڭ ئوقۇيدىغان مەكتىپىنىمۇ تېپىۋالدى.

ئۇ مەكتەپ ئىچىگە كىرىپ بىر ئوقۇغۇچىدىن:

— ئۇكام، تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىلار ياتىقى نەدىكىن؟ — دەپ سورىدى.

— مۇشۇ يول بىلەن ئەللىك مېتىر دەك مېڭىپ، سولغا

بۇرۇلۇپ يەنە ئەللىك - ئاتمىش مېتىردەك ماڭسىڭىز ئالتىنچى بىنانى ئۇچرىتىسىز، شۇ بىنادا تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بار.

مۇسا ئاكا ھېلىقى ئوقۇغۇچىنىڭ دېگىنى بويىچە مېڭىپ، ئالتىنچى بىنانى تاپتى. ئۇ بىر ئوقۇغۇچىنىڭ يول باشلىشى بىلەن قولىدىكى ئېغىر سەپەر سومكىسىنى كۆتۈرگىنىچە ئوغلى لېتىپجاننىڭ ياتىقىغا كىردى.

ياتاقتا ئوقۇغۇچىلار ئۇستەل بويلاپ ئولتۇرۇپ ھاراق ئېچىشىۋاتاتتى.

مۇسا ئاكىنى كۆرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەزىلىرى ئورنىدىن تۇرۇپ، كارىۋاتقا تەكلىپ قىلغاچ ئۇنىڭدىن ھال سورىسا، بەزىلىرى ھېچنېمىگە پەرۋا قىلماي ئورۇنلىرىدا ئولتۇرۇپ ھاراق ئىچىشەتتى.

— بۇياق لېتىپجاننىڭ ئاتىسى ئىكەن، ئۇ ئوغلىنى يوقلاپ كەپتۇ، — دېدى مۇسائاكىنى ياتاققا باشلاپ كىرگەن ئوقۇغۇچى.

— ھەي لېتىپجان، قوپە، ئاتاڭ سېنى يوقلاپ كەپتۇ، — دەپ چاقىردى كارىۋاتتا ياتقان لېتىپجاننى ئويغىتىش ئۈچۈن بىرەيلەن، بىراق ئۇ ئويغىنىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. مۇسا ئاكا لېتىپجاننى ئۆزى ئويغاتماقچى بولۇپ، ئۇ ياتقان كارىۋاتنىڭ يېنىغا بېرىپ: «لېتىپجان بالام» دېيىشىگىلا بۇرنىغا بىر خىل بەتبۇي پۇراق ئۇرۇلدى.

مۇسا ئاكا ئوغلى لېتىپجاننىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ

تولىمۇ ئەپسۇسلاندى ۋە شۇنچە يىراق سەھرادىن بالىسىنى يوقلاپ كەلگەنلىكىگە پۇشايمان قىلدى.

ئۇ چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقىنىچە سومكىسىدىن قىزىرىپ پىشقان توقاچلارنى ۋە يەل - يېمىشلارنى چىقىرىپ، لېتىپجاننىڭ چامادىنىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، ياتاقتىن چىقىپ كەتتى.

ئۇ يۇرتىغا بېرىپ ئىككى ھەپتىدىن كېيىن مەكتەپ تەشكىلىدىن ئۆز نامىغا يېزىلغان مۇنداق بىر پارچە خەتنى تاپشۇرۇۋالدى:

«ھۆرمەتلىك ئائىلە باشلىقى مۇسا تۇردى:

قانداق ئەھۋالىڭىز؟ تېنىڭىز سالامەتمۇ؟

سىزگە ئەھۋالنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتمىساق بولمىدى، مەكتىپىمىز ئوقۇغۇچىلارنى ئەخلاقىي ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتلەردىن ئەتراپلىق تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدىغان ئۇنىۋېرسال خاراكتېردىكى مەكتەپ بولۇپ، ئوقۇغۇچىلاردىن ياخشى ئوقۇپ كەلگۈسىدە جەمئىيەت ئۈچۈن تۆھپە قوشالايدىغان بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئوقۇغۇچىمىز، يەنى سىزنىڭ پەرزەنتىڭىز لېتىپجان مەكتىپىمىزگە كېلىپ بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئىككى قېتىم ھاراق ئىچىپ، مەكتىپىمىزنىڭ تۈزۈمىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا يامان تەسىر پەيدا قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئىككى يۇز يۇەن

جەرىمانە تويغان ۋە تەربىيە ئىشلىگەنىدۇق.

بىراز،، ئۇ بۇ قېتىم يەنە ئىلگىرىكى ساۋاقنى ئېسىدىن چىقىرىپ، يەنە هاراق ئىچىپ جېدەل تىرىپ، بىر ساۋاقداشىنىڭ قورسىقىغا پىچاق تىقىپ ئۇنى ئېغىر دەرىجىدە يارىلاندۇرغانلىقى ئۈچۈن، مەكتىپىمىزنىڭ تۈزۈمى بويىچە مەكتەپتىن هەيدەلدى. خەۋەر تېپىپ قالسىڭىزلەر.

XX ئالىي مەكتىپى، 1992 - يىلى 14 - ئىيۇل»

مۇسا ئاكا خەتنى ئوقۇپ بولۇپ يېلى قاچقان توپتەك لاسسىدە بولۇپ قالدى ۋە بېشىنى چاڭگاللىغىنىچە ئۆز - ئۆزىگە: «لېتىپجىنىم، ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا ماڭغان چېغىڭدا: ‹ئاتا، مەن چوقۇم ياخشى ئوقۇپ، ياراملىق ئادەم بولۇپ، سىزنىڭ مەندىن كۈتكەن ئۈمىدىڭىزنى ئاقلايمەن› دېگەنىدىڭ. بۈگۈنكى كۈندە سەن ئەمدى نېمە بولدۇڭ. ئۈمىدىمنى ئاقلىغىنىڭ مۇشۇمۇ؟ مەن سېنىڭ بۇنداق ئاقىۋەتكە قېلىشىڭنى خالىمايتتىم. ئاھ! قېنى مېنىڭ سەندىن كۈتكەن ئۈمىدىم؟!» دەپ ۋارقىراپ تاشلىدى.

1992 - يىلى 7 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، ئۈرۈمچى

# دادام

مەن دادامنى بەك ھۆرمەتلەيتتىم. بىر نەچچە كۈن ئىلگىرى يۈز بەرگەن بىر ئىش مىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىمنى سۇسلاشتۇرۇۋەتتى.

مەن بىر نەچچە كۈن ئىلگىرى مەكتەپتىن قايتىپ ئۆيگە كېتىۋاتاتتىم. ئۆيىمىزگە بەش يۈز مېتىردەك قالغاندا، يول ياقىسىدا تۇرغان بىر قارا سومكىنى كۆرۈپ قالدىم ـ دە، بۇنىڭ ئىچىدە نېمىلەر باردۇ؟ دېگەن ئوي بىلەن سومكىنى ئېچىپ قارىسام، ئۇنىڭ ئىچىدە ئون يۈەنلىك پۇلدىن تۆت كاللەك تۇرۇپتۇ. مەن «بۇ پۇللارنىڭ ئىگىسى نەلەردە يۈرىدىغاندۇ؟ مەن چوقۇم بۇ پۇللارنى ئۆز ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئۇنى خاتىرجەم قىلىشىم كېرەك» دەپ ئويلىدىم ـ دە، دەرھال ج خ ئىدارىسىگە چاپتىم.

— ھوي بالا، بۇ يەرگە نېمىش بىلەن كىردىڭ؟— دەپ سورىدى قىرىق ياشلار ئەتراپىدىكى بىر ساقچى تاغا.

— مەن مەكتەپتىن ئۆيگە كېتىۋېتىپ يول ياقىسىدىن مۇنۇ سومكىدىكى پۇللارنى تېپىۋالدىم، — دېدىم مەن جىددىيلەشكەن هالدا.

مېنىڭ جاۋابىمنى ئاڭلىغان ئىككى ساقچى دەرهال يېنىمغا كېلىپ قولۇمدىن سومكىنى ئېلىپ ئېچىپ، پۇللارنى كۆرۈپ هەيرانلىقتىن بىردە پۇلغا، بىردە ماڭا قارىدى. شۇ ئەسنادا مەن قايتىش ئۈچۈن بۇرۇلۇپ مېڭىشىمغا هېلىقى ساقچى تاغا توۋلىدى:

— هەي بالام، توختاپ تۇرۇڭ، سىزدىن سورىۋالىدىغان بىر ئىش بار، — دېدى-دە، يېنىمغا كەلدى.

— سىز ئۆيىڭىزنىڭ نەدىلىكىنى هەم ئىسىم-فامىلىڭىزنى ئېيتىپ بېرىپ، ئاندىن قايتىسىڭىز.

مەن ئۆزۈمنىڭ كىملىكىمنى ئاشكارىلىمايلا قايتماقچى بولغان بولسامmu، لېكىن ساقچى تاغىلار زادىلا ئۇنىمىدى. مەن ئۇلارغا ئوقۇيدىغان مەكتىپىم، ئۆيىمىزنىڭ ئادرېسى ۋە ئىسمىمنى ئېيتىپ بېرىپ، ج خ ئىدارىسىدىن يېنىپ چىقىپ، ئۇدۇل ئۆيگە كەلدىم. يۈرىكىم بىر خىل خۇشاللىق ئىلكىدە دۈپۈلدەپ سوقۇپ تۇراتتى.

دادام كۆلكە يىغىپ تۇرغان چىرايىمغا قاراپ:

— هەي بالام، ئالتۇن تېپىۋالغاندەك خۇش بولۇپ كېتىپسەنغۇ؟ — دەپ سورىدى ماڭا تىكىلىپ.

— هە، ئالتۇنغا ئوخشاش قىممەتلىك بىر نەرسە تېپىۋالدىم.

— راستما؟
— راست بولمايچۇ.
— راست گەپ قىل، مەن سېنىڭ چاقچاق قىلىدىغان مەكتەپتىكى ساۋاقداشلىرىڭ ئەمەس، مەن سېنىڭ داداڭ.
— مەن راست گەپ قىلىۋاتىمەن دادا، يالغان ئېيتقىنىم يوق.
— ئۇنداق بولسا تېپىۋالغان نەرسەڭ قېنى؟
— ساقچى تاغىلارغا تاپشۇرۇپ بەردىم.
— نېمە تېپىۋالغانتىڭ؟
— پۇل.
— پۇل؟
— ھە شۇنداق.
— قانچىلىك؟
— تۆت مىڭ يۈەن.
— ھەي، دۆت كالۋا، نېمانداق ئەخمەقلىق قىلغانسەن؟ سېنى مەكتەپكە ئەۋەتىشتىكى مەقسەت سېنى ئەقىللىق، يارامىلىق ئادەم قىلىپ چىقىش. تۆت مىڭ يۈەن دېگەن ئاز پۇلمۇ، مۇشۇ ئۆمرۈمگىچە ئۇنچىلىك پۇلنى كۆرۈپ باققىنىم يوق تېخى، ئۇ پۇلنىڭ مىڭ يۈەنىگە بىر سېغىن كالا، مىڭ بەش يۈز يۈەنىگە بىر رەڭلىك تېلېۋىزور ئالغان بولساق، مىڭ يۈەننى بانكىدا قويۇپ، بەش يۈز يۈەننى خەجلىگەن بولساق، نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى ـ ھە! — دېدى ـ دە، يېنىمغا كېلىپ قۇلىقىمنى كاپ قىلىپ تۇتۇپ سوزۇپ، باش ـ

كۆزۈمگە ئۇرغىلى تۇردى. مەن ھەرقانچە تىپىچەكلەپ باققان بولساممۇ، دادامنىڭ قولىدىن قىچىپ قۇتۇلالمىدىم. ۋارقىرىدىم، يىغلىدىم، بىراق دادامنىڭ ماڭا ئىچى ئاغرىيدىغاندەك ئەمەس ئىدى. شۇ چاغدا تۇيۇقسىز ئىشىك چېكىلىپ، مەن تاياقتىن قۇتۇلۇپ قالدىم. دادام ماڭا ئالايغىنىچە بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى. مەن كۆز ياشلىرىمنى چاپىنىمنىڭ يېڭى بىلەن سۈرتكىنىمچە ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇردۇم.

— ھېزىم دېگەن كىشىنىڭ ئۆيى مۇشۇمىكىن، — دەپ سورىغىنىچە سېمىز بىر ئادەم ئىككى ساقچى بىلەن كىرىپ كەلدى.

— ھە، مەن شۇ، نېمە ئىش بار ئىدى؟ — سورىدى دادام ئۇلاردىن.

— ھېزىم ئاكا، سىز بالىڭىز ئىسمايىلجاننى ئالتۇن تېپىۋالسىمۇ، كۆز قىرىنى سالمايدىغان قىلىپ ياخشى تەربىيىلەپسىز.

— ھە شۇنداق، مەن دائىم بالامغا نەرسە - كېرەك تېپىۋالغاندا، ئۇنى ئۆز ئىگىسىگە تاپشۇرغىن، ھارام نەرسە ئادەمگە سىڭمەيدۇ، دەپ تەربىيە بېرىمەن. سىلەر كىرىشنىڭ ئالدىدىمۇ بالام پۇل تېپىۋېلىپ ساقچىلارغا تاپشۇرۇپ بەردىم دېۋىدى، مەن خۇشال بولۇپ ئۇنى ماختاپ تۇراتتىم، — دېدى دادام چىرايىغا زورمۇزور كۈلكە يۈگۈرتۈپ.

— ئەسلى بۇ پۇل مېنىڭ ئىدى، مەن بۈگۈن پاختا

ساتقان، ئەمما بىخەستەلىك قىلىپ پۇلنى چۇشۇرۇپ قويۇپتىمەن. ساقچىلارغا مەلۇم قىلاي دەپ ج خ ئىدارىسىگە كىرسەم، سومكام شۇيەردە تۇرۇپتۇ. ساقچىلاردىن سومكامنىڭ قانداقلارچە بۇ يەرگە كېلىپ قالغانلىقىنى سورىسام، ئۇلار سومكىنى بالىڭىز ئىسمايىلجاننىڭ تېپىۋېلىپ تاپشۇرۇپ بەرگەنلىكىنى ئېيتتى. قەۋەتلا خۇش بولۇپ كەتتىم. ئىسمايىلجان ھەقىقەتەن ياخشى بالا ئىكەن، مەن سىزگە ۋە بالىڭىز ئىسمايىلجانغا رەھمەت ئېيتىش ئۈچۈن كېلىشىم، — سېمىز ئادەم شۇنداق دېگىنىچە يانچۇقىدىن يۈز يۈەنلىك پۇلدىن بەشنى چىقىرىپ ماڭا ئۇزاتتى، مەن بېشىمنى چايقاپ پۇلنى ئېلىشنى رەت قىلدىم.

— ئىسمايىلجان، سىز بۇ پۇلنى ئالمىسىڭىز، مەن سىزدىن خاپا بولىمەن، بۇ مېنىڭ كۆڭلۈم ھەم سىزگە بەرگەن مۇكاپاتىم.

— ئاكا، مەن بۇ پۇلنى راستىلا ئالالمايمەن، تېپىۋالغان نەرسىلەرنى ئىگىسىگە تاپشۇرۇش مېنىڭ مەجبۇرىيىتىم، — دېگىنىمچە پۇلنى ئېلىشقا قەتئىي ئۇنىمىدىم.

— ئال، بالام ئال، بولمىسا بۇ ئاكاڭ سەندىن رەنجىپ قالىدۇ. ئۇ ساڭا بېرىلگەن مۇكاپات، ياخشى نەتىجىگە ئېرىشسەڭ، مەكتىپىڭدىمۇ مۇكاپات بېرىدىغۇ، بۇمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بىر ئىش، — دەپ بەش يۈز يۈەن پۇلنى ھېلىقى سېمىز ئادەمنىڭ قولىدىن ئېلىپ ماڭا ئۇزاتتى دادام. مەن ئالمىدىم، بىراق دادام ئۇنىڭغا ئۇنايتتىمۇ، ئۇ

ئۇنىمىغىنىمغا قارىماي ئۇ پۇللارنى مېنىڭ يانچۇقۇمغا سېلىپ قويدى. مەن يانچۇقۇمدىن پۇلنى ئېلىپ يەنە ئىگىسىگە قەتئىي قوبۇل قىلالمايدىغانلىقىمنى ئېيتىپ، بېرىۋەتتىم.

ئۇلار ئاخىر:

— ئۇنداق بولسا، بىز ھېزىم ئاكا سىزگە، ئاندىن پەرزەنتىڭىز ئىسمايىلجانغا مىڭ مەرتىۋە رەھمەت ئېيتىمىز، — دېگىنىچە بىز بىلەن خوشلىشىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

دادامنىڭ چىرايى تېخىمۇ تۇتۇلۇپ يەنە قاقشىغىلى تۇردى.

— جاھاندا سەندەك نادان، ساراڭ بالا بولماس. ھېلىقى پۇلنىغۇ تاپشۇرۇپ بەر، پۇلنىڭ ئىگىسى ساڭا ئۆز رازىلىقى بىلەن بەرگەن بەش يۈز يۈەن پۇلنىمۇ ئالمىغىنىڭ ئادەمنىڭ زەردىسىنى قاينىتىدۇ. بولدى، ئەمدى سەندەك بالىنى ئوقۇتمايمەن، — دېگىنىچە مېنى مەكتەپكە ئىككى كۈن بارغۇزماي قويدى. ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن مۇئەللىم مېنى ئۆزى ئىزدەپ كېلىپ، دادام بىلەن سۆزلىشىپ، ئاخىر مېنى مەكتەپكە ئېلىپ كەتتى.

مەن شۇنىڭدىن باشلاپ مەكتەپتە ئوقۇۋېدىغان، ئەمما دادامغا بىر نەرسە تېپىۋالسام بۇرۇنقىدەك زوق - شوق بىلەن سۆزلەپ يۈرمەيدىغان بولدۇم. چۈنكى، سىلەر دادامنىڭ قانداق ئادەملىكىنى بىلىپ بولدۇڭلار. ئۇنداق ئىشلار مەن ئۈچۈن خۇشاللىق بولغىنى بىلەن، دادامغا پۈتمەس - تۈگىمەس

ئەلەم ئېلىپ كېلىدىكەن ئەمەسمۇ؟!

مانا بۈگۈن مېنىڭ پۇلنى تېپىۋېلىپ ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بەرگەنلىكىم ھەققىدىكى خەۋەر مەكتەپكىمۇ يېتىپ كېلىپ، چوڭ يىغىندا مەكتەپ مۇدىرى بۇ ئىشنى تىلغا ئېلىپ، بارلىق ئوقۇغۇچىلارنى مەندەك «ئالتۇن تېپىۋالسىمۇ، كۆز قىرىنى سالمايدىغان» ئوقۇغۇچىدىن ئۆگىنىشكە چاقىردى.

مەن مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ماختاش سۆزلىرىنى ۋە مەكتەپتىكى بارلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالقىش سادالىرىنى ئاڭلاۋاتقىنىمدا تىل بىلەن ئىپادىلىگۈسىز شادلىقتا چۆمگەن بولسام، يەنە بىر تەرەپتىن دادامنىڭ قىلىقى ئېچىمنى ئۆرتەندۈرەتتى.

1992 ـ يىلى 1 ـ نويابىر، ئۈرۈمچى

# ئىچەرمەنلەر رىقابىتى

قارا قىش كۈنلىرىدە شەھەردە سودا ـ سېتىق ياكى خىزمەت بىلەن ئالدىراش كىشىلەر بولغىنى بىلەن يېزىلاردا، بولۇپمۇ بىزنىڭ يېزىدا ئىش بولمىغاچقا، كىشىلەرنىڭ كۈنى ئاساسەن بىكارچىلىقتا ئۆتىدۇ.

بىكارچىلىق ئادەمنى بەك زېرىكتۈرگەچكە، بۇ يېزىدىكى ئادەملەرنىڭ بىر نەچچىسى بىر يەرگە جەم بولۇشۇپ قارتا ئويناش، تېلېۋىزور كۆرۈش ۋە هاراق ئىچىش بىلەن كۈنلىرىنى «مەنىلىك» ئۆتكۈزۈشىدۇ.

يەكشەنبە كۈنى ئىدى. سىرتتا قاتتىق سوغۇق بولۇۋاتاتتى. ۋەلى، پەرھات، شاۋكەت ۋە ئەنۋەرلەر تۇرغاننىڭ ئۆيىدە تېلېۋىزور كۆرگەچ هاراق ئىچىشىپ ئولتۇراتتى، توساتتىن ئۆيگە تۇرغاننىڭ ئاغىنىسى ئىمىن ئىككى بوتۇلكا هاراقنى كۆتۈرگىنىچە كىرىپ كەلدى.

— كەل ئاغىنە، كەل، تازا ۋاقتىدا كەپسەن، بىراق

هاراق ئېلىپ كىرگىنىڭ بولماپتۇ؟ ـ دېدى تۇرغان ئۇنىڭدىن نارازى بولۇپ.
— يالغۇز جېنىڭغا ئىككى بوتۇلكا هاراق ئېلىۋالغىنىڭ نېمىسى ئاغىنە، — دېدى هاراق ئىچىپ ئولتۇرغان بويى پاكار، دوغىلاقىنا كەلگەن ئاق يۈزلۈك ۋەلى چاقچاق ئارىلاش.
— هەي ئاغىنە، سەنغۇ ئاشقازىنىڭ هاراق كۆتۈرەلمىگەچكە، ئىچسەڭ ئالەمنى مالەم قىلىپ، بىر دەمنىڭ ئىچىدىلا ئىتمۇ ئىچمەيدىغان ئۇماچتىن بىر داس تەييار قىلىسەن. مەن ساڭا ئوخشىمايمەن، مەن بىرەر ـ ئىككى بوتۇلكا هاراقنى ئىچىۋەتسەممۇ، يەنە هاراق كۆرمىدىم، دەپ ئورنۇمدىن تۇرۇپلا كېتىمەن، — دېدى ئىمىن كۆرەڭلىگەن هالدا.
— هەي ئاداش، بوۋاق چېغىمىدا ئاناڭ سېنى ئەمگۈزمەي، هاراق ئەمگۈزۈپ باققان ئوخشايدۇ. ئۆزۈڭنى ئەر چاغلىساڭ، باشقىلارنى شىر چاغلىغىن جۇمۇ. سەن ئىچكەن هاراقنى مەنمۇ ئىچەلەيمەن، ئىككىمىز بىر ئىچىشىپ باقساق بولغۇدەك.
— هالىڭغا بېقىپ گەپ قىل، مەن بىلەن تولا بەسلىشىمەن دېمە، مۇبادا ئۇتتۇرۇپ قويساڭ، بېرىدىغانغا نەرسەڭ چىقماي، سەتلىشىپ قالارسەنمىكىن.
— مەن ساڭا ئۇتتۇرۇپ قويسام، ۋەلى دېگەن ئىسمىمنى يۆتكەپ، قۇلىقىمنى ساڭا كېسىپ بېرىمەن.

— گېپىڭ گەپمۇ؟ ئۇنداق بولسا مۇشۇ يەردىكى ھەممىمىز بازارغا كىرەيلى، قورساقنى ئوبدان توقلىۋېلىپ، ئاندىن ئىچىشىپ باقايلى.

— بولىدۇ، شۇنداق قىلايلى.

— ھە راست، نەچچە پۇلدىن تىكىشىمىز.

— سەن دېگىن.

— مەن دېگەنگە چىدىمايسەن، شۇڭا سەن دېگىن.

— ئۇنداق بولسا، ئىككى يۈز يۈەن بولسا قانداق.

— بولىدۇ، ئەكەل قولۇڭنى.

ئۇلار تۇرغاننىڭ ئۆيىدىن ئۈچ كىلومېتىر يىراقلىقتىكى كىچىك يېزا بازىرىغا بېرىپ، قورساقلىرىنى راۋۇرۇس ئەسترلىۋالغاندىن كېيىن، ۋەلى بىلەن ئىمىن ئىككى بوتۇلكىدىن تۆت بوتۇلكا هاراقنى شىرەگە ئايرىم - ئايرىم تىكلىدى ۋە ھەر ئىككىسى ھاراقلىرىنى ئىككى سائەتنىڭ ئىچىدە ئىچىپ بولۇشقا كېلىشتى. ھاراقلار ئىچىپ بولۇندى. بىراق، ئۇلار جايىدىن قوپالمايۋاتاتتى. ئاخىر ئۇ ئىككىسىنى مۇسابىقىگە نازارەتچىلىك قىلىشىۋاتقان «دوستلىرى» بىر ئامالالارنى قىلىپ ئۆيلىرىگە ئېلىپ كېتىشتى.

بۈگۈن دۈشەنبە بولۇپ، ئورنۇمدىن ئەتىگەن تۇرۇپ، يۈز - كۆزلىرىمنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن، يېزىنىڭ ئەتىگەنلىك ساپ ھاۋاسىدىن نەپەسلىنىش ئۈچۈن سىرتقا چىققاندىم، شۇئان مەھەللىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىن ئاڭلانغان

يىغا ئاۋازى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى. مەھەللىمىزدىكى پەتىچىلەردىن ئۇقسام، تۈنۈگۈن ۋەلى بىلەن ھاراق بەيگىسىگە چۈشكەن ئىمىن ئۆلۈپ قاپتۇدەك.

1992 - يىلى 25 - دېكابىر، ئۈرۈمچى

# چۈشىنىش

ئىدارىمىزنىڭ كاسسىرى تۇرسۇن ئايلىق مائاش تارقىتىۋاتاتتى. مائاش ئېلىش نۆۋىتى ياش ئىشچى ئەركىنگە كەلدى. تۇرسۇن كاسسىر ئەركىننىڭ ئىمزاسىنى جەدۋەلگە قويغۇزدى - دە:

— مائاشىڭدىن قولۇڭغا تەگكەن نەخ پۇل بىر يۈز ئاتمىش ئۈچ يۈەن بەش مو بەش فۇڭ، مانا بۇ ئوتتۇز بەش يۈەنلىك خەزىنە چېكىڭ، — دەپ پۇل بىلەن خەزىنە چېكىنى ئەركىنگە سۇندى.

ئەركىن تۇرسۇن ئۇزاتقان پۇل ۋە خەزىنە چەكلىرىنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن، چىرايى دەرھال ئۆزگەردى - دە:

— تۇرسۇن كاسسىر، مەن ئۆتكەن قېتىم خېلى كۆپ خەزىنە چېكى ئالغان. شۇڭا، ماڭا خەزىنە چېكىنىڭ ئورنىغا پۇل بەرسەڭ بوپتىكەن، — دېدى.

— ئۆتكەن قېتىم باشقا ئىشچىلارمۇ ساڭا ئوخشاشلا

خەزىنە چېكى ئالغان. بۇ نۆۋەت باشقىلارمۇ دۆلەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنۇپ، خەزىنە چېكى ئالدى، سەن. . .
— نېمە، مېنى دۆلەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئەمەل قىلمايدۇ، دەمسەن. مېنىڭ تويۇم بولىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، مۇشۇنداق قارىغۇنى تار يەردە قىستىغاندەك ئىش قىلساڭ، قانداق بولغىنى، ـ ئەركىن چەكچەيگىنىچە مائاش ۋە خەزىنە چېكىنى كاسسىرنىڭ ئالدىدىكى ئۈستەلگە تاشلاپ قويۇپ ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى.
ئارقىدىنلا كاسسىرنىڭ يېنىغا ئىدارە پارتكومىنىڭ شۇجىسى ھەسەن كىرىپ كەلدى ۋە تۇرسۇن كاسسىرنىڭ ئالدىدا پاخالدەك يېيىلىپ ياتقان پۇل ۋە خەزىنە چېكىنى كۆرۈپ:
— ۋۇي، بۇ پۇللارنى چېچىۋېتىپسەنغۇ؟ — دەپ سورىدى.
— مەن چېچىۋەتمىدىم شۇجى، — دېدى تۇرسۇن كاسسىر ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ، — ئەركىن خەزىنە چېكى ئالمايمەن دەيدۇ، باشقىلار دۆلەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنۇپ خەزىنە چېكى ئالىدۇ، سەن نېمىشقا ئالمايسەن، دېسەم، مېنى دۆلەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنمايدىغان دېدىڭ، دەپ ئاچچىقلانغىنىچە پۇل، خەزىنە چەكلىرىنى ئالدىمغا ئېتىۋېتىپ چىقىپ كەتتى.
— ھەي، مۇشۇ گەپكىمۇ ئاچچىقلانغان بارمۇ؟! قېنى

ئۇنىڭ ئىشچىلار تېخنىك مەكتىپىدە پارتىيىنىڭ تەربىيىسىنى ئۈچ يىل ئالغىنى؟! ئەپكىلىڭ، مەن بېرىپ قويىمەن، — دەپ پۇل ۋە خەزىنە چېكىنى ساناپ بولۇپ يانچۇقىغا سالدى ۋە ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى.

ھەسەن شۇجى گۇگۇم ۋاقتىدا ئەركىننىڭ ئۆيىگە باردى. شۇجىنىڭ ئۆز ئۆيىگە قەدەم باسقانلىقىنى كۆرگەن ئەركىن:

— شۇجى، بۇياققا كېلىپ قاپلا، قېنى ئۆيگە كىرسە، — دەپ ئۆيگە تەكلىپ قىلدى. ھەسەن شۇجى ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرۇشىغا ئىشىك «غىچ» قىلىپ ئېچىلىپ، ئەركىننىڭ قوشنىسى تۇرداخۇن ئاكا كىرىپ كەلدى ۋە شۇجى بىلەن سالاملاشقاندىن كېيىن:

— ئەركىنجان ئۇكام، ئەتىگەندە كۆرۈنمەيسەن، ھېلى قارىسام ئىشىكىڭ ئوچۇق تۇرىدۇ، شۇڭا كىرىشىم، — دەپ يانچۇقىدىن ئون يۈەنلىك پۇلدىن بىرنەچچە ۋاراق چىقىرىپ:

— ئۆتكەندە بەرگەن ياردىمىڭ دەل ۋاقتىدا بولدى. ئەگەر سەن ياردەم قىلمىغان بولساڭ، بالىمىز بىز بىلەن ۋىدالاشقان بولاتتى، ساڭا قانداق رەھمەت ئېيتسام بولار ئۇكام، مە، مەن سەندىن ئۆتنە ئالغان پۇلۇڭ، — دېگىنىچە ئەركىنگە بەردى ـ دە، ئىشىنىڭ ئالدىراشلىقىنى ئېيتىپ چىقىپ كەتتى. ئەركىن پۇلنى ساناپ كۆرۈۋىدى، ئۆزىنىڭ تۇردىئاخۇنغا ئۆتنە بەرگەن سەكسەن يۈەن پۇلنىڭ توقسەن

يەن بولۇپ قالغانلىقىنى بايقىدى.
ئەركىن تۇرداخۇن ئاكىنى خاتالىشىپ قالغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ تۇرداخۇن ئاكىنىڭ ئارقىسىدىن چىقتى. تۇرداخۇن ئاكا يولدىمۇ، ئۆيدىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ھەسەن شۇجى يەردە تاماكا قەغىزىچىلىك چوڭلۇقتىكى بىر پارچە قەغەزنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنى قولىغا ئالدى. ئۇ قەغەزگە مۇنداق يېزىلغانىدى:
«قەدىرلىك ئۇكام ئەركىنجان، ياردىمىڭگە مىڭ مەرتىۋە رەھمەت. پۇلۇڭنى بىر يىلغىچە قايتۇرالمىدىم، شۇڭا ئۆسۈمى بىلەن قايتۇرىمەن، خاپا بولماي قوبۇل قىلغىن».
ئەركىن ئۆيگە كىردى، شۇجى ئۇنىڭغا پۇلنىڭ ئارىسىدىن يەرگە چۈشۈپ كەتكەن ھېلىقى خەتنى بەردى.
ئەركىن خەتنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئەھۋالنى چۈشەندى ـ دە، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ:
— مەن بۇ ئارتۇق پۇلنى بېرىۋەتمىسەم بولمايدۇ، ـ دېدى.
بۇ ئىشلارنى كۆرگەن شۇجى ئەركىندىن:
— سەن ھېلىقى دېھقان ئاكىغا ياردەم قىلغان ئوخشىمامسەن؟ — دەپ سورىدى.
— شۇنداق، ئۆتكەندە تۇرداخۇن ئاكىنىڭ بالىسى كېسەل بولۇپ قېلىپ، دوختۇرغا ئاپارغان، لېكىن

تۇرداخۇن ئاكىسىنىڭ پۇلى بولمىغاچقا، ئۇنىڭ بالىسىنى ياتاققا ئالمىغان. شۇ چاغدا مەندىن پۇل سورىۋىدى، مەن ئۇنىڭغا پۇل ئۆتنە بەرگەنتىم، — دىدى ئەركىن چۈشەندۈرۈپ.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئەھۋالنىڭ تېگىگە يەتكەن ھەسەن شۇجى كۈلۈمسىرىدى ـ دە:

— ئەركىن، قاراپ باقە، سەن ئۆز ۋاقتىدا تۇرداخۇن ئاكىغا پۇل ياردەم قىلىپ، ئۇنىڭ بالىسىنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قاپسەن، شۇڭا ئۇ سېنىڭدىن ھەقىقەتەن مىننەتدار ئىكەن. ئەمدى بۇگۈنكى ئىشقا كەلسەك، بۇ ئىشمۇ ماھىيەت جەھەتتىن يۇقىرىقى ئىشقا ئوخشاش، دۆلىتىمىز ھازىر ئىقتىسادىي قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەچكە مۇشۇنداق خەزىنە چېكى تارقىتىۋاتىدۇ، كېيىن بۇ پۇللارمۇ ئۆسۈمى بىلەن قايتۇرۇلىدۇ، بۇ ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقنى كۆزدە تۇتماي بولمايدۇ.

شۇجىنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن يۈزى ئوت بولۇپ كەتكەن ئەركىن:

— شۇجى، بولدى سۆزلىمەڭ، مەن سىز ۋە تۇرسۇن كاسسىر ئالدىدا ئەيىبلىكمەن، — دىدى.

— سەن ئەيىبلىك ئەمەس، بەلكى ياخشى ياردىمىڭ بىلەن يەنىلا تۇرداخۇن ئاكا ۋە باشقا يولداشلار ئالدىدا شەرەپلىك بىر مەجبۇرىيەتنى ئۆتىدىڭ، بۇ تەقدىرلەشكە تېگىشلىك ئالىيجاناب پەزىلەت. ھەر قانداق بىر ئىشقا

مۇئامىلە قىلغاندا، شۇ ئىشنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى توغرىسىدا ئويدان ئويلان. شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن باشقىلار ئالدىدا ئەيىبلىك بولمايسەن، — ھەسەن شۇجى شۇنداق دېدى ـ دە، يانچۇقىدىن ھېلىقى پۇل ۋە خەزىنە چېكىنى چىقىرىپ ئەركىنگە بەردى. ئەركىن:

— شۇجى، مەن ئەمدى چۈشەندىم، — دېدى. شۇجى ئەركىن بىلەن قىسقىلا پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، قايتىپ كەتتى. ئەركىن توي تەييارلىقى ئۈچۈن ساقلاۋاتقان ئىككى مىڭ بەش يۈز يۈەن پۇلنى چامادانىدىن ئالدى ـ دە، بانكىغا سېلىۋېتىش ئۈچۈن ئىشىكنى ئاچتى.

1986 ـ يىلى 25 ـ ئۆكتەبىر، پىچان ماچاڭ

# مۇھەببەت سىنىقى

ئادىلجان چۈشتىن كېيىن تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇغىلى بارماي، ئۇدۇل ناھىيىلىك دوختۇرخانىدىكى ئاغىنىسى شۆھرەتنىڭ يېنىغا باردى. تىنچلىق - ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن، شۆھرەت ئادىلجاندىن:

— چۈشتىن كېيىن مەكتەپكە بارمىدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— سېنىڭ يېنىڭغا مۇھىم بىر ئىش بىلەن كەلگەنىدىم.

— قانداق مۇھىم ئىش ئۇ؟

— شۆھرەت، چىمەنگۈل بىلەن يۈرۈۋاتقانلىقىمنى بىلىسەن، بىز ئادەتتە ياخشى ئۆتىمىز، لېكىن مەن ئۇنىڭ قانداقلىقىنى ھەقىقىي بىلىپ يەتمىدىم، شۇڭا ئۇنى بىلىش ئۈچۈن بىر قېتىم سىناپ كۆرەي دەيمەن، مېنىڭ ئۇنى سىنىشىم ئۈچۈن سەن بۇ قېتىم بىر ياردەم قىلساڭ بوپتىكەن. بۇ ئىش سېنىڭ قولۇڭدىن كېلىدۇ.

— قانداق ياردەم قىلىمەن؟ — دەپ سورىدى ئەجەبلەنگەن هالدا شۆهرەت.

— قانداق ياردەم بولماقچىدى؟ سەن ناهىيىمىز بويىچە ئۇستا هەم نامىڭ بار داڭلىق دوختۇر بولغاندىن كېيىن، ماڭا «يۇرەك كېسىلى» دەپ دىئاگنوز قويۇپ، دىئاگنوز قەغىزىگە دورىلارنىمۇ يېزىپ بەرگىن هەمدە باشقىلار سوراپ قالسا، ئۇنىڭ كېسىلىنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىپتۇ، داۋالىغان بىلەنمۇ داۋالاش ئۈنۈم بەرمەيدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ هاياتى ئىككى يىلغا قالماي ئاخىرلىشىدۇ، - دېگىن. شۇنىڭ بىلەن مەن يالغان كېسەل بولۇۋېلىپ مەكتەپكىمۇ بارماي ياتىمەن، شۇ چاغدا چىمەنگۇلنىڭ ماڭا قانداق قارايدىغانلىقى ئاشكارىلىنىدۇ. قانداق، بولامدۇ؟

شۆهرەت بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ بىر پەس سۈكۈت ئىچىدە تۇرغاندىن كېيىن:

— بولىدۇ، ياخشى ئويلاپسەن. مەن ساڭا ياردەم قىلاي، توي ئىشى ئۆمۈر سودىسى ئەمەسمۇ؟ — دەپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، قولىغا قەلەم ئېلىپ «دىئاگنوز قەغىزى» گە ئادىلجاننىڭ كېسەل ئەهۋالىنى يازدى، دورىلارنىمۇ بەردى. ئادىلجان شۆهرەت بىلەن خوشلىشىپ قايتىپ كەتتى.

ئادىلجان شۇ كۈندىن باشلاپ ئۆيدە «كېسەل» بولۇپ ياتتى.

ئەتىسى چۈشتىن كېيىن ئادىلجاننىڭ ئاغىنىسى هەم ساۋاقدىشى ئەركىن كىرىپ كەلدى ۋە:

— ئادىلجان، ياتىسەنغۇ؟ مەكتەپكە بارىدىغان ۋاقىت توشۇپ كەتسە؟ — دەپ سورىدى ھەيران بولۇپ.

— تۇنۇگۇن مەكتەپكە كېتىۋېتىپ مەيدەم قاتتىق ئاغرىپ كەتتى. ئاخىر چىدىيالماي دوختۇرغا كۆرۈندۈم، دوختۇر تەكشۈرۈپ، ماڭا «ئېغىر دەرىجىدە يۈرەك كېسىلى» دەپ دىئاگنوز قويۇپ مۇنۇ دورىلارنى بېرىپ، ئۆيدە داۋالىنىشىمنى ئېيتتى، — دېدى ئۇ ئۈچ بولاق دورىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ پەس ئاۋازدا.

ئەركىنىنىڭ چىرايى دەرھال ئۆزگەردى ـ دە:

— كېسەلگە ئامال قىلغىلى بولمىغىدەكمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— دوختۇرنىڭ ئېيتىشىچە، كېسەلنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىپتۇدەك، شۇڭا زادى ئامال يوق دەيدۇ، — دېدى ئادىلجان قولىغا «دىئاگنوز قەغىزى»نى ئېلىپ، — سەن مەكتەپكە بارساڭ ئابلىز مۇئەللىمگە كېسەللىك ئەھۋالىمنى ئېيتىپ، بۇنى بېرىپ قويغىن، ياخشى بولۇپ قالسام بارارمەن.

ئەركىن بىلىكىدىكى سائەتكە قارىدى، سائەتنىڭ ئىستىرېلكىسى ئىككىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئۇ ئورنىدىن ئاستا قوزغىلىپ، سائەتنىڭ توشۇپ قالغانلىقىنى ۋە ئادىلجاننىڭ يېنىغا يەنە پات ـ پات كېلىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ۋە ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ مەكتەپكە ئىتتىك يۈرۈپ كەتتى.

ئەركىن مەكتەپكە بېرىپ، دەرسخانىغا ئالدىراپ كىردى ـ دە، بېرىپ ئۆز پارتىسىدا ئولتۇرۇپ دەرس ئاڭلاشقا باشلىدى.

ئاخىرقى بىر سائەتلىك دەرس ۋاقتىمۇ توشتى. ئەركىن سىنىپ مۇدىرى ئابلىز مۇئەللىمگە ئادىلجاننىڭ كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ، يانچۇقىدىن «دىئاگنوز قەغىزى»نى چىقىرىپ سۇندى. ئابلىز مۇئەللىم «دىئاگنوز قەغىزى»نى ئېلىپ، «ئېغىر دەرىجىدىكى يۈرەك كېسەلى» دېگەن خەتلەرنى ئوقۇپ، يۈرىكى رىتىمسىز سوقۇشقا باشلىدى ـ دە:

— هەي، ئادىلجانغا چاتاق بوپتۇ، ئۇنىڭ ئوقۇشىزە، ـ دېدى ئىچى سىيرىلغان هالدا.

بۇ ئەھۋالنى ئۇققان چىمەنگۈلنىڭ چىرايىدا جىددىيلىك كۆرۈلدى ـ دە، قۇلىقىغا ئىشەنمىگەندەك ئەركىندىن ئادىلجاننىڭ ئەھۋالىنى قايتا ـ قايتا سورىدى ـ دە، دەرسخانىدىن چىقتى.

ئادىلجان «كېسەل» بولۇپ يېتىپ قالغان تۆت كۈندىن بۇيان ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى، ساۋاقداشلىرى، خىزمەتداشلىرى ۋە ئاغىنىلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈزۈلمەي دېگۈدەك ئۇنى يوقلاپ تۇردى. پەقەت ئادىلجاننىڭ ئىككى يىلغا يېقىن يۈرگەن قىزى چىمەنگۈل كەلمىدى. بەشىنچى كۈنى كەچتە ئادىلجاننىڭ ئاغىنىسى ئەركىن چىمەنگۈلنىڭ ئادىلجانغا يازغان بىر پارچە خېتىنى ئېلىپ كەلدى.

خەت مۇنداق يېزىلغانىدى:

«قەدىرلىك ئادىلجان، ياخشىمۇسىز؟ ئەھۋالىڭىز قانداقراق، ياخشى يېتىپسىزمۇ؟ مەن سىزنى يوقلاپ

بارماقچى ئىدىم، لېكىن ۋاقىت بەك قىس بولغاچقا بارالمىدىم، بوش ۋاقتىم چىقسا بارارمەن. بۇنىڭدىن بەش كۈن بۇرۇن ئەركىن ئارقىلىق سىزنىڭ «ئېغىر دەرىجىدە يۈرەك كېسىلى» گە گىرىپتار بولغانلىقىڭىزنى ئاڭلاپ، خۇددى بىرسى يۈرىكىمنى پىچاق بىلەن تىلغاندەك تولغىنىپ كەتتىم - دە، ئاخىر دەرسىمۇ ئاڭلىماي ئۆيگە قايتىپ بېرىپ، ئۆزۈمنى كارىۋاتقا ئېتىپ يىغلاشقا باشلىدىم. يىغا ئاۋازىم قاتتىق چىقىپ كەتكەن بولسا كېرەك، ئانام ھۇجرامغا كىرىپ مېنىڭ يىغلاش سەۋەبىمنى قايتىلاپ سوراشقا باشلىدى. مەن سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزنى ئانامغا دېمەي، دېگەنىدىم، بىراق مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە دېمەسلىككە مەندە چارە بولمىدى. يىغلاپ تۇرۇپ سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزنى ئانامغا دەپ سالدىم. ئانام گېپىمنى ئاڭلاپ، ماڭا تەسەللى بەردى ۋە مېنىڭ كۆڭلۈمنى ياساپ چىقىپ كەتتى. ئاخشىمى ئاتام بىلەن ئانام مېنى تاغامنىڭ ئوغلىغا ياتلىق بولۇشقا قىستىدى. چوڭلار بىزنىڭ بېشىمىزنى قوشۇپ قويۇشقا ئون يىل بۇرۇن پۈتۈشۈپ قويغانىكەن. ئاتام بىلەن ئانامغا يالۋۇرغان بولساممۇ ئۇلار گېپىمگە قۇلاق سالمىدى. شۇنداق قىلىپ ئۆزۈم قىلچىمۇ ياخشى كۆرمەيدىغان بىر نەۋرە ئاكام بىلەن توي قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم. سىزگە يۈز كېلەلمەيمەن، مەندىمۇ نېمە ئامال بولسۇن، مېنى كەچۈرۈڭ ئادىلجان، مەنمۇ سىزنىڭ مېنى كەچۈرۈۋېتىدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن، سىزدىن شۇنى ئۆتۈنىمەنكى، ئازابلانماڭ،

پەقەتلا ئازابلانىماڭ. مېنى ئۇنتۇپ كېتىڭ.

چىمەنگۇل»

ئەركىن ئادىلجاندىن:

— نېمە دەپ يېزىپتۇ؟ — دەپ سورىدى.

— چىمەنگۇل مەندىن مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپتۇ.

— يالغان ئېيتمىغانسەن؟

— ئىشەنمىسەڭ كۆرۈپ باق، — ئادىلجان قولىدىكى خەتنى ئەركىنگە بەردى. ئەركىن خەتنى بىر ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن ئادىلجاننىڭ گېپىگە ئىشىنىپ، خەق بىكاردىن «هايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا، ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە» دېمەپتىكەن ـ دە، دېدى ئىچىدە.

1985 ـ يىلى 18 ـ ئۆكتەبىر، پىچان چىقتىم

# بىزنىڭ باشلىق

ئىدارىمىزنىڭ باشلىقى باشقا ئىدارىگە يۆتكىلىپ كېتىپ، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇن تەرىپىدىن سېمىز، پاكار، يۇزلىرى دۇپدۇگىلەك، يېشى قىرىقتىن هالقىغان رىشىت ئىسىملىك بىر كىشى باشلىقلىققا تەيىنلەندى.

يېڭى باشلىق دەسلەپتە ئىشچىلار بىلەن تونۇشقاچ سۆهبەتلىشىپ، ئىدارە هەققىدە تولۇقسىز مەلۇماتقا ئىگە بولدى. ئارىدىن بەش كۈن ئۆتۈپ يىغىن ئېچىلدى. يىغىندا باشلىق بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەزىپىلەر هەم ئىدارىنىڭ قائىدە-تۈزۈملىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ مۇۋاپىق بولغان-بولمىغانلىقى هەققىدە ئىشچىلاردىن پىكىر ئالمايلا، يىغىننى ئاخىرلاشتۇردى.

يىغىن ئاخىرلاشقاندا خېلى كەچ بولۇپ قالغانلىقى ۋە هاۋا سوغۇق بولغانلىقى ئۈچۈن ئىشچىلار ئالدىراپ ئۆيلىرىگە

يول ئېلىشتى.

يىغىن زالىدا ئەڭ ئاخىرىدا چىققان باشلىق ئۆزىچە «پىسسىڭگىدە» كۈلۈپ قويۇپ، «بۇ يىغىننى خېلىلا ياخشى ئاچتىم، خىزمەتكە يېڭى كىرىشكەندە، ئۆزۈمنى مۇشۇنداق تونۇتۇپ قويماي بولمايدۇ» دېگەننى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى ـ دە، ۋېلىسىپىتىنى ئېلىپ، ئىككىسى يۈز مېتىردەك مېڭىشىغا، ئۇنى ساقلاپ تۇرغان ئوسمان:

— باشلىق سىز بىلەن... — دېدىيۇ گېپىنىڭ داۋامىنى يۇتۇۋەتتى.

— ھە، ئوسمانمۇ سىز، گېپىڭىز بارمىدى؟ — سورىدى باشلىق.

— يول ئۈستىدە پاراڭلىشىش بىر ئاز ئەپسىز، شۇڭا ئۆيگە كىرسەڭ، — دېدى ئوسمان ئۆيىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

— باشقا ۋاقىتتا كىرەي، كۆپ گەپ بولسا ئەتە پاراڭلاشساق، كەچ بولۇپ كېتىۋاتىدۇ.

باشلىق ھەرقانچە باھانە كۆرسىتىپ باققان بولسىمۇ، لېكىن ئوسمان چىڭ تۇتۇپ تۇرۇۋالغاچقا، نائىلاج ئۇنىڭ ئۆيىگە كىردى.

— قېنى كىرسىلە، — دەپ قىزغىن قارشى ئالدى ئوسماننىڭ ئايالى تەبەسسۇم بىلەن.

— بۇ، مەن ساڭا بىرنەچچە كۈندىن تەرىپىنى قىلىپ

بەرگەن ئىدارىمىزگە يېڭىدىن كەلگەن باشلىق بولىدۇ، — دېدى ئوسمان ئايالىغا.

باشلىق تۆردىن ئورۇن ئالغاندىن كېيىن، شىرە قويۇلۇپ ئۇنىڭ ئۈستىگە قازاندىن يېڭىلا ئېلىنغان گۆش بىلەن نان قويۇلدى.

— باشلىق، قېنى تاماققا باقسىلا، تەكلىپ قىلغۇچىلىكىمۇ ئالاھىدە داستىخان ئەمەس، شۇنداق بولسىمۇ پاراڭلاشقاچ ئولتۇرۇپ. . .

— ئېغىر جۇۋاپ كېتىپسىلەر ئوسمانئاخۇن، بۇنداق قىلمىسىلىمۇ بولاتتى، — دەپ تەكەللۇپ قىلدى باشلىق داستىخانغا قول ئۇزاتقاچ.

تاماق يەپ بولۇندى. ئوسمان ئالدىن تەييارلاپ قويغان زاكۇسكىلار بىر بوتۇلكا ھاراقنى شىرە ئۈستىگە تىزدى ۋە:

— پاراڭلاشقاچ ئولتۇرۇپ بىر - ئىككى رومكىدىن قېقىشايلى، — دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ.

— مەن ھاراق ئىچمىگىلى خېلى ئۇزۇن بولدى، مېنىڭ يۈرەك كېسىلىم. . . — دېدى باشلىق.

— ھەي، كۆپمۇ ئىچمەيمىز باشلىق، ئىككىلا رومكىلا، پەقەتلا ئىككى رومكا.

باشلىق ئوسماننى خېلى يېلىندۇرغاندىن كېيىن، ھاراقتىن ئىككى رومكا ئىچىشكە ماقۇل بولدى.

ئۇلار ئىككى رومكىدىن ئىچىشىپ بولدى. ئوسمان

ئەمدى باشلىقتا قۇيايمۇ، قۇيمايمۇ دەپ بىردەم ئىككىلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن:

— باشلىق، تاز بولساڭ گەدەنگىچە بول دەپتىكەن، داۋاملىق ئىچىشەيلىمۇ، — دېدى.

باشلىق پىسسىڭىدە كۈلۈپ قويۇپ:

— بوپتۇ، دېگىنىڭىزچە بولسۇن، — دېدى. ئۇلار ئارقا - ئارقىدىن بىرنەچچە رومكىدىن ئىچىشتى. بىر چاغدا باشلىق سەل قىزىدى بولغاي:

— ئوسمان، بۈگۈنكى يىغىننى قانداقراق ئاچتىم؟ — دەپ سورىدى.

— بۈگۈنكى يىغىن ناھايىتى ياخشى ئېچىلدى، ئۇلارغا شۇنداق دەپ قويمايمۇ بولمايدۇ. بەزىلەر تېخى تۆت - بەش كۈن ئىز - دېرەكسىز يوقاپ كېتىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى ئوسمان قوللىرىنى شىلتىپ تۇرۇپ.

— مەن ئۇنداق كىشىلەرگە يول قويمايمەن. قېنى ئۇلارنىڭ شۇنداق قىلغىنىنى مەن بىر كۆرەي، — دېدى باشلىق ئالدىدىكى لىق هاراق قۇيۇلغان رومكىنى ئېلىپ.

ئۇلار شۇنداق دېيىشىپ، بىر بوتۇلكىدىن ئارتۇقراق هاراقنى ئىچىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇيقۇغا كەتتى.

باشلىق ئەتىسى ئويغىنىپ ئۆزىنىڭ ئوسماننىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالغانلىقىنى بىلدى.

دېكابىرنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ئىدى. يۇقىرى ئىدارىگە

«ئىلغار ئىشچى» سايلاپ بېرىشكە سايلام شەرتلىرى بىلەن قوشۇپ بىر جەدۋەل چۈشۈردى. باشلىق جەدۋەلنى قولىغا ئېلىپ كۆرگەندىن كېيىن، «بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا سالسام دېگەندىكىدەك بولىسىغۇ ياخشى، مۇبادا باشقا بىرسى...» دېگەنلەرنى ئويلاپ، يىغىن ئېچىشنى لايىق كۆرمىدى بولغاي، قولىغا قەلەمنى ئېلىپ، ئىسىم ـ فامىلىسى دېگەن كاتەكچىگە «ئوسمان ھېكىم» دەپ يازدى ـ دە، «بۇ يەنە ئۆنىڭكىدە توخۇ گۆشىنى يېيىشنىڭ ئەپلىك چارىسى ئەمەسمۇ» دەۋەتتى پىسسىڭكىدە كۈلۈپ قويۇپ ۋە جەدۋەلنىڭ باشقا كاتەكچىلىرىنى توشقۇزۇش ئۈچۈن ئوسماننىڭ قېشىغا ماڭدى.

# دوستۇمدىن كەلگەن خەت

بۈگۈن چۈشتىن كېيىن مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىغا يېتىپ كېلىشىمگە، دوستۇم ھەم ئالىي مەكتەپتىكى ساۋاقدىشىم ئەركىندىن كەلگەن بىر پارچە خەتنى تاپشۇرۇۋالدىم.

مەن ئەركىن بىلەن ئۇنىڭ چىن دىلىدىن سۆيگەن قىزى رۇقىيەنىڭ ئىشىغا بەكمۇ قىزىقاتتىم ۋە ئۇلارغا زوقۇم كېلەتتى، شۇڭا خەتتە شۇ مەزمۇندا پاراڭلار بولۇپ قالمىسۇن دېگەن ئويدا خەتنى ئالدىراپ ئېچىپ ئوقۇشقا باشلىدىم. خەت مۇنداق يېزىلغانىكەن:

«ھۆرمەتلىك ساۋاقدىشىم ئەلى، خېتىڭنى تاپشۇرۇۋېلىپ مەزمۇنىدىن ۋاقىپلاندىم. مەن خەت يازالمىدىم. مېنى كەچۈرگەيسەن. سەن خېتىڭدە مەندىن رۇقىيە بىلەن بولغان ئىشلىرىمنى سوراپسەن، مەن ئۇ سوئاللىرىڭغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى تۆت پارچە

خەتنى ساڭا ئەۋەتتىم، ئوقۇپ باققىن.

مەن بىرىنچى خەتنى ئېچىپ ئوقۇشقا باشلىدىم:

قەدىرلىك ساۋاقدىشىم ئەركىن!

قىممەتلىك ۋاقتىڭىزنى ئالىدىغان بولدۇم، مېنى كەچۈرگەيسىز. قولىڭىزدىكى بۇ خەت سىزگە يازغان ئەڭ ئاخىرقى خېتىم بولۇپ قالغۇسى.

مەن مەجبۇري هالدا نەۋرە ئاكام تۇرسۇن بىلەن توي قىلىدىغان بولدۇم، مەن بۇ ئىشتىن نارازى بولۇپ يىغلىدىم، قاقشىدىم، هەتتا ئۆلۈۋالماقچىمۇ بولدۇم، بىراق مېنىڭمۇ باشقىلارغا ئوخشاش ياشىغۇم كەلدى، نېمە ئامال بار دەيسىز، تەقدىر شۇنداق پۈتۈلگەن تۇرسا، دۇنيادىكى هەر بىر ئىنساننىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ئارزۇ ـ ئارمانلىرى بولىدۇ. بەزىلەر ئارزۇ ـ ئارمانلىرىغا ناهايىتى ئاسانلا يېتىپ، بىر ئۆمۈر بەختلىك ياشايدۇ. لېكىن كۆپىنچە كىشىلەر مۇرادىغا يېتەلمەي، ئۆمۈر بويى دەرد ـ هەسرەتتە ئۆتىدۇ، بىر ئادەمنىڭ غايىسى شۇ ئادەمنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەنلا ئەمەلگە ئاشمايدىكەن، ئۇ نۇرغۇن ئادەمگە چېتىشلىق بولىدىكەن. مەن ئىككىمىزنىڭ ئىشى توغرۇلۇق هەرقانچە سۆزلەپمۇ ئاتا ـ ئانامنى قايىل قىلالمىدىم. بىزنىڭ توي قىلىش ئارزۇيىمىز شۇنىڭ بىلەن توزغاقتەك توزۇپ كەتتى. بەزىلەر بىزگە ئوخشاش ئىنتايىن شېرىن ـ گۈزەل ئارزۇلارغا يېتىشنى ئويلايدۇ، لېكىن ئارزۇ هەرقانچە گۈزەل ۋە قۇدرەتلىك بولسىمۇ، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۇچۇن شارائىت بولمىسا ئۇ خۇددى قۇمغا

يازغان خەتكە ئوخشاش ئاستا ـ ئاستا ئۆچۈپ، ئىزسىز يوقاپ كېتىدىكەن. ئۇمىد ھەرقانداق ساپ ۋە سەمىمىي بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ۋىسال سائەتلىرىگە ئېرىشكۈچە جۇدالىق ئوتلىرىدا كۆيۈپ كۈلگە ئوخشاش توزۇپ تۈگەيدىكەن.

مەن بۇ ھەقتە ئۆزۈمنى گۇناھسىز، دەپ قارايمەن. بولدى مۇشۇنچە يازاي، كۆپ يېزىپ سىزنىڭ قىممەتلىك ۋاقتىڭىزنى ئىسراپ قىلىشنى خالىمايمەن.

سىزنىڭ بەختلىك بولۇشىڭىزنى تىلەپ: رۇقىيە.

1982 ـ يىلى 10 ـ سېنتەبىر»

مەن بۇ خەتنى ئوقۇپ بولۇپ رۇقىيەنىڭ بۇنداق خەت يېزىشىغا زادىلا ئىشەنگۈم كەلمىدى. لېكىن، خەتنىڭ پوچېركىسى رۇقىيەنىڭ ئىدى. ئىككىنچى خەتنى ئاچتىم. بۇ خەت ئەركىننىڭ رۇقىيەگە يازغان خېتى بولۇپ مۇنداق يېزىلغانىكەن:

«مەن ئۈچۈن قىممەتلىك بولغان رۇقىيە:

خېتىڭىزدە ماڭا بەخت تىلەپسىز، مەن ئەسلىدە سىزگە خەت يازماقچى ئەمەس ئىدىم، لېكىن يۈرىكىم ھىجران ئوتىغا چىدىماي ئىسيان كۆتۈرۈپ مېنى سىزگە خەت يېزىشقا قىستىدى.

خېتىڭىزنى ئوقۇۋېتىپ كۆز چاناقلىرىم ئىختىيارسىز ياشقا تولدى. مۇشۇ مىنۇتلاردا ئايرىلىشنىڭ نەقەدەر قىيىن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلماقتىمەن.

بۈرۈن مەن سىزنىڭ مۇشۇنداق ھالغا چۈشۈپ

قالىدىغانلىقىڭىزنى بىلگەن بولسام، سىزگە قىلچىمۇ كۆڭۈل بەرمىگەن بولاتتىم ھەم سىزگە قاراپ كۈلۈمسىرەشنىمۇ خالىمايتتىم. سىز تەقدىرگە تەن بېرىپسىز، قېنى سىزدىكى جاسارەت؟! قېنى سىزدىكى ۋىجدان؟! ھاياتىم مۇشۇنىڭ بىلەن نابۇت بولۇپ، مەڭگۈ ئازاب ئىچىدە ئۆتۈشۈم مۇمكىن.

ئىنسان بۇ دۇنيادا ئۆز مۇھەببىتىنى قەدىرلىمىسە، غايىسى ۋە ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلمىسا، ياشىغانىنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن؟! ھەرقانداق ئارزۇنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ، لېكىن ئۇنىڭغا چىدام، غەيرەت لازىم. كىشىلىك تۇرمۇشتا جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلغانلىكى كىشىلەر چوقۇم ئۆز مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ.

سىز بۇ ئىش ئۈچۈن ئازراقمۇ غەيرەت قىلماپسىز، ھايۋاننى ساتقۇلۇق، لېكىن سىز ئادەم ــ دە!

سىزنى ئاشىقىڭىز بىلەن تەبرىكلەپ: ئەركىن

1982 ــ يىلى 13 ــ سېنتەبىر»

مەن ئەركىن بىلەن رۇقىيەنىڭ بىر ــ بىرىگە يازغان خەتلىرىنى ئوقۇپ بەكمۇ ئەپسۇسلاندىم، چۈنكى ئۇلار بۇرۇن بىر ــ بىرىنى چىن دىلىدىن ياخشى كۆرۈشەتتى. مەن ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدە بەختلىك بولۇشىغا ئىشىنەتتىم. بىراق، ھازىر ئۇلارنىڭ بۇرۇنقى گۈزەل غايىلىرىنىڭ توزۇپ كەتكەنلىكىگە ۋە بۇرۇن بىرگە ئۆتكۈزگەن گۈزەل چاغلىرىغا قاتتىق ئېچىندىم ــ دە، ئۈچىنچى خەتنى ئېچىپ ئوقۇشقا باشلىدىم.

«ئەركىن، كۆرۈشمىگىلى ئىككى يىل بولدى. ساق ـ سالامەت كېتىپ بارامسىز؟

مەن سىزگە يۈزۈمنى قېلىن قىلىپ يەنە خەت يازدىم. بەلكىم بۇ خەتنى تاپشۇرۇۋېلىپلا غەزەپلىنىپ كەتكەنسىز ياكى ۋىجدانسىز، يۈزسىز دەپ تىللاپ كەتكەنسىز، مەيلى قانداقلا بولسۇن، خېتىمنى ئاخىرغىچە ئوقۇپ چىقىشىڭىزنى ئۆتۈنىمەن.

مەن سىزدىن ئايرىلىپ ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن، دادام مېنى ئوقۇتقۇچىلىقتىن توختىتىپ، شەھەرلىك ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىگە خىزمىتىمنى يۆتكىدى. مەن خىزمەت جەريانىدا مۇشۇ ئۆمەكتە ئىشلەيدىغان ئابلىز ئىسىملىك بىر يىگىت بىلەن چىقىشىپ قالدىم. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ ماڭا «مۇھەببەت» ئىزهار قىلدى. مەن ئۇنى دەسلەپتە رەت قىلغان بولساممۇ، ئەمما ئۇ كىشىنىڭ باغرىنى ئېرىتىدىغان شېرىن ـ شېكەر گەپلەرنى قىلىپ ئاخىر مېنى قولغا كەلتۈرۈۋالدى. كېيىن خېتىڭىزنى تاپشۇرۇۋېلىپ ئۆزۈمنىڭ يۈزەكى ئويلىغانلىقىمنى هېس قىلدىم. سىزنى هىجران ئازابىغا قويغانلىقىم ئۈچۈن، ئۆز ـ ئۆزۈمدىن نەپرەتلەندىم، سىزگە ئىچىم ئاغرىپ ، يىغلاپمۇ باقتىم ۋە ئۆزۈمنىڭ مۇھەببەت دېڭىزىدا بوراندا قالغان قېيىققا ئوخشاپ قالغانلىقىمنى، كېيىن ياخشى ئاقىۋەت كۆرمەيدىغانلىقىمنى هېس قىلىپ، سىزگە يارىشىۋېلىش

توغرىسىدا خەت يازماقچى بولدۇم. ئەمما، ئابلىز كۆڭلۈمدىكىنى بىلىۋالغاندەك: «رۇقىيە، مەن سىزنى مەڭگۈ ياخشى كۆرىمەن، سىز مېنىڭ مۇھەببىتىمنى قوبۇل قىلغان بولسىڭىزمۇ، ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا قانداقتۇر بىر سىر باردەك ھېس قىلىمەن. رۇقىيە، سىز مەندىن گۇمانلانماڭ، سىز نەزىرىمدە دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل قىز. سىز ئاسماندىكى تولۇن ئايدىنمۇ گۈزەلسىز» دەپ مېنى مەڭگۈ سۆيىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. مەن بۇ گەپلەرنىڭ ئالدىدا تىز پۈكۈپ، سىزگە خەت يېزىشتىن ۋاز كەچتىم. شۇنىڭ بىلەن ئابلىز ئىككىمىز ئۆزۈن ئۆتمەي توي قىلدۇق.

دۇنيادا ئاجايىپ يىگىتلەر بولىدىكەن، ئۇلار شەپقەت ـ ساداقەت تونىغا ئورۇنۇۋېلىپ قىزلارنى ئالدايدىكەن. بىز قىزلار كۆڭۈلچەك بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئاسانلا ئۇلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كېتىدىكەنمىز. «شەپقەتچىلەر» نىڭ ئىچىنى يېرىپ قارىسا، ئۇلارنىڭ كۆڭلى قازاننىڭ قارىسىغا ئوخشاش قارا ئىكەن، ئۇنداق كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ نەپسىنى دەپ باشقا كىشىلەرنىڭ نىمە بولۇشى بىلەن كارى بولمايدىكەن، ئابلىزمۇ ئەنە شۇنداق يىگىتلەرنىڭ تىپىك ۋەكىلى ئىكەن. بىز توي قىلىپ ئىككى يىل بولمايلا دادام ۋە ئانام ئارقا ـ ئارقىدىن ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇلار بىلەن مەڭگۈگە خوشلىشىپ بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ مېنىڭدىن زېرىكتى بولغاي، مېنى كۆزگە ئىلماستىن باشقا ئاياللار بىلەن ئىچپەش تارتىشىپ يۈردى. سىز ئويلاپ

بىقىڭ، ئايال كىشىگە بۇنىڭدىنمۇ ئېغىر ئازاب بولامدۇ؟!
مېنىڭ سۆزۈم ۋە كۆز يېشىم ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى مۇزنى ئېرىتەلمىدى، ئاخىر ئۇنىڭدىن ئاجرىشىپ كەتتىم.

ئەركىن خېتىمدىن زېرىكىپ كەتكەنسىز، ئازراق تەخىر قىلىڭ.

مەن ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ ئاتا - ئانامدىن مىراس قالغان ئۆيدە تەنها تۇرمۇشۇمنى باشلىدىم.

ئەركىن! قىممەتلىك ۋاقتىڭىزنى ئېلىپ قويدۇم، مېنى كەچۈرۈڭ! مۇمكىن بولسا ساۋاقداشلىقىمىزنىڭ يۈزىنى قىلىپ بولسىمۇ، هازىرقى تۇرمۇش مېنى ئەھۋالىڭىزدىن خەۋەردار قىلىپ قويغان بولسىڭىز، سىزدىن ئىنتايىن مىننەتدار بولاتتىم.

سىزنى ئەسلەپ ۋاپاسىز رۇقىيەدىن
1985 - يىلى 8 - ئۆكتەبىر»

مەن رۇقىيەنىڭ ئىككىنچى خېتىنى ئوقۇپ ئۇنىڭ ئىرادىسىزلىكىگە نەپرەتلەندىم، شۇنداقلا يەنە ئۇنىڭ ئېچىنىشلىق هالىتىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ خۇشالمۇ بولدۇم. چۈنكى، رۇقىيە ئۆز مۇھەببىتىگە ۋاپاسىزلىق قىلغانلىقى ۋە غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ئىرادىسىزلىك قىلغانلىقى ئۈچۈن، مانا شۇنداق جازاغا ئۇچرىشى كېرەك ئىدى.

«ئۇ ئازغىنا بوران - چاپقۇنغا بەرداشلىق بېرەلمەي، ساۋاقدىشىم ئەركىننى قانچىلىك ئازابلارغا قويدى - ھە» ئۆز -

ئۆزۈمگە شۇنداق دەپ ئەركىنىنىڭ رۇقىيەگە يازغان ئاخىرقى خېتىنى ئوقۇشقا باشلىدىم.

«ساۋاقدىشىم رۇقىيە!

مەن بۇ خېتىمدە سىزنى شۇنداق دەپ ئاتايمەن، چۈنكى بىز ئۇزۇن يىللىق ساۋاقداشلار - دە؟! ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەقەت ساۋاقداشلىق مۇناسىۋەتلا قالدى ئەمەسمۇ؟!

رۇقىيە، خېتىڭىزنى باشتىن - ئاخىر ئوقۇپ چىقتىم. ماقۇل، تەلىپىڭىزنى قاندۇراي.

سىزدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، باشتا ماڭا دۇنيادىكى ھەممە نەرسە ساختىدەك تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن مەڭگۈ بويتاق ئۆتۈش قارارىغا كەلدىم. لېكىن ۋاقىت ئۆتكەنسېرى سىز قالدۇرۇپ كەتكەن دەرد - ھەسرەتلەر بارا - بارا قەلبىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. كېيىن مەن بىلەن ئىشلەيدىغان خاسىيەت ئىسىملىك بىر قىز ماڭا بىرقانچە قېتىم يوشۇرۇن مۇھەببەت ئىزھار قىلدى. مەن باشتا ئۇنى رەت قىلىپ، كەچۈرمىشلىرىمنى سۆزلەپ، ھېچكىم بىلەن مۇھەببەتلەشمەيدىغانلىقىمنى ئېيتتىم.

بىرقانچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ يەنە ماڭا مۇھەببەت ئىزھار قىلىپ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئەۋلاد قالدۇرۇش ئارقىلىقلا مەڭگۈ مەۋجۇت بولىدىغانلىقى، يېشىغا يەتكەن ئىنسان بالىسىنىڭ چوقۇم توي قىلىپ بالىلىق بولۇشى كېرەكلىكىنى ئېيتىپ ئاخىرىدا: «مەن سىزگە

مەڭگۈ ھەمراھ بولاي، سىز دۇنيادىكى ھەممە قىزنى رۇقىيەگە ئوخشاتسىڭىز بولمايدۇ. مەن رۇقىيەدەك قىزلاردىن ئەمەسمەن. مەن سىز بىلەن مەڭگۈ بىرگە ئۆتىمەن، بۇ مېنىڭ سىزگە قىلغان ۋەدەم بولۇپ قالسۇن» دېگەندەك گەپلەرنى قىلدى. شۇنىڭ بىلەن كۆڭۈل ئاسمىنىمدىكى ئۆچكەن يۇلتۇزنىڭ ئورنىغا يەنە بىر نۇرلۇق يۇلتۇز پەيدا بولدى. خاسىيەت ھەرقاچان مەن ئۈچۈن جان پىدا قىلىشقا تەييار. ھازىر ئىككىمىز ناھايىتى ئىجىل ـ ئىناق ئۆتۈۋاتىمىز. تېخى بىر ئوغۇللۇق بولدۇق. ئۇ ماڭا ئوخشاپتۇ. ئەھۋالىم شۇنچىلىك.

سىز ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ، ئۈمىدۋار بولۇڭ، كېيىنكى تۇرمۇشىڭىزنىڭ بەختلىك بولۇشىنى تىلەپ:

ئەركىن

1985 ـ يىلى 22 ـ ئۆكتەبىر»

خەتلەرنى ئوقۇپ بولۇپ، ئالا كۆڭۈللۈكنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ ياخشى بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندىم ۋە چوڭقۇر خىيالغا پاتقان ھالدا ئىشخانىغا ماڭدىم.

# تۇرمىدە يېزىلغان خەت

ئەركىنىنىڭ تۈرمىگە كىرگىنىگە بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت بولدى. ئۇ بۇ جەرياندا يىغلىدى، قاقشىدى ۋە قىلغان ئىشلىرى ئۈچۈن پۇشايمانمۇ قىلدى، لېكىن ئۆتكەن ئىشلارنىڭ ھېچقايسىسى ئەسلىگە كەلمىدى. ئۇ ئاخىر ئۆگەي ئانىسىنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرى ۋە ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن تۈرمىگە كىرىپ قالغانلىقىنى ئاكىسىغا چۈشەندۈرمەكچى بولۇپ، تۈرمە ساقچىلىرىغا دەپ ئەكەلدۈرگەن قەغەز ـ قەلەمنى ئېلىپ، خەت يېزىشقا باشلىدى.

«قەدىرلىك ئاكا، سەن ئەسكەر بولۇپ ئۆيدىن ئايرىلىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۆگەي ئانام مېنى ئېغىر ئىشلارغا سېلىشتىن تاشقىرى ئاش ـ تاماقتىن قىستى، شۇنىڭ بىلەن قورساق بېقىشنىڭ كويىدا ئوغرىلىق ۋە باشقا يامان ئىشلارنى قىلدىم. نەتىجىدە بۈگۈنكى كۈندە تۈرمىگە كىرىپ قالدىم. بەلكىم مۇشۇ قۇرلارنى ئوقۇۋاتقىنىڭدا ئىچ ـ ئىچىڭدىن غەزەپكە تولۇپ، خېتىمنىڭ ئاخىرىنى ئوقۇغۇڭ

كەلمەيۋاتقاندۇ؟ شۇنداقتىمۇ سەۋرچانلىق بىلەن تۆۋەندىكى قۇرلارغا نەزەر سالغايسەن.

قەدىرلىك ئاكا، سەن بىلىسەن، ئاتام بىلەن ئانام ئاجرىشىپ كەتكەن چاغدا مەن تېخى بەش ياشتا ئىكەنمەن. ئانام ئائىلىمىزدىن كەتكەن دەسلەپكى كۈنلەردە ئۇنى كۆرگۈم كېلىپ يىغلايدىغانلىقىمنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئانىمدىن ئايرىلىشنىڭ ئادەمگە قانچىلىك ئېغىر ئازاب ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى قىلچىمۇ ھېس قىلمىغان بولسام كېرەك. شۇ چاغلاردىكى مىجەزىمنىڭ قانداقلىقىنى ئەسلىيەلمەيمەن. ئەمما، ئاتام ۋە ئۆگەي ئانامنىڭ كېيىنكى چاغلاردا ماڭا ئېيتىشىچە، يىغلاڭغۇ، كۆكەمە، شۇنداقلا قولى ئەگرى بالا ئىكەنمەن. بۇ باھالارغا ئىقرارمەن. ئېھتىمال تولا دەشنام يېسەم كېرەك، شۇڭا كۆزۈمدىن ياش قۇرۇمىغاندۇ. ئۆگەي ئانام مېنى: «مۇشتۇمدەك چېغىڭدىلا كەمپۈت، پېچىنىلەرنى ئوغرىلاپ يەيتتىڭ» دەيدۇ، بۇ گەپمۇ بەلكىم راستۇ.

مۇنداق بىر ئىش ھېلىمۇ ئېسىمدە: مەن باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان دەسلەپكى چاغلىرىمدا ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئورنۇمدىن تۇرۇپ يۈز - كۆزلىرىمنى يۇيۇپ بولۇشۇمغا ئۆگەي ئانام سومكامنى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ: «چاي ئىچىشكە ئۈلگۈرەلمەيسەن، سومكىغا نان سېلىپ قويدۇم، تېز ماڭ» دەيتتى. مەن ئۇندىمەستىن مەكتەپكە يۈگۈرەيتتىم. ئانامنىڭ سومكامغا سېلىپ قويغان نېنى دائىم يېرىم زاغرا بولاتتى. قانچە قىلسامۇ قاتتىق ۋە سوغۇق

زاغرىنى يەپ تۈگىتەلمەيتتىم. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى، ئېشىپ قالغان زاغرىنىڭ پارچىلىرى سومكامغا يىغىلىپ قالاتتى.

بىر كۈنى ئۆگەي ئانام سومكامنى ئاختۇرۇپ، يىغىلىپ قالغان نان پارچىلىرىنى كۆرۈپ: «سەن بايۋەچچىنىڭ ئوغلىمۇ؟»، دەپ ئاچچىقلاندى. شۇنىڭدىن كېيىن ئاشقان ناننى يول بويىغا تاشلىۋېتىدىغان بولدۇم. ساۋاقداشلىرىمنىڭ كۆپىنچىسى مەكتەپكە تولا ۋاقىتلىرىدا كەمپىت ۋە ھەر خىل تاتلىق تۈزۈملەرنى ئېلىپ كېلەتتى. لېكىن ئۆگەي ئانام ئۇنداق يېمەكلىكلەرنى ماڭا زادىلا بەرمەيتتى.

بىر كۈنى يېنىمدا ئولتۇرىدىغان بىر بالا مەندىن: «ئۆيۈڭدە كەمپىت يوقمۇ؟»، دەپ سوراپ قالدى. «بار»، دەپ جاۋاب بەردىم مەن. ھېلىقى بالا كەمپىتنى بىر يالاپ قويۇپ: «ئاناڭ بەرمەيدىكەن ـ دە. ماڭا ھەپتىدە بىرەر قېتىم بېرىدۇ، باشقا كۈنلىرى كۆرسەتمەي ئېلىۋالىمەن، سەنمۇ شۇنداق قىل»، دېدى.

راست، مېنىڭمۇ شۇنداق قىلغۇم كەلدى، لېكىن مەن ئۆگەي ئانامدىن بەك قورقاتتىم. ئۇ ئانچىكى ئىشلار ئۈچۈنمۇ قۇلىقىمنى تارتىپ، بىقىنلىرىمنى چىمدايتتى. ئەگەر كەمپىتلەرنى ئوغرىلىقچە ئېلىۋالغىنىمنى سېزىپ قالسا، مېنى ھەرگىز بوش قويمايتتى؟! شۇڭا ئۇزۇنغىچە ئۇنداق قىلىشقا پېتىنالمىدىم، بىراق بىر كۈنى كەمپىت توغرىسىدا ناھەق تاياق يېدىم. شۇ كۈنى كەچتە مەكتەپتىن كېلىشىمگە ئۆگەي ئانام قۇلىقىمدىن كاپلا قىلىپ تۇتتى ـ دە: «ھەي،

نومۇسسىز ئوغرى» دەپ ۋارقىراپ كەتتى. ئاتاممۇ ئۇنىڭغا بولۇشۇپ «نېمىشقا كەمپىت ئوغرىلىدىڭ» دەپ بىر كاچات سالدى.

مەن يىغلاپ تۇرۇپ كەمپىت ئوغرىلىمىغانلىقىمنى ئېيتتىم، لېكىن ئۇلار ماڭا ئىشەنمەي ئۇزۇنغىچە تىللىدى. ئۆگەي ئانام: «ئۆيىمىزدە بىر ئوغرىنى بېقىپتۇق، چوڭ بولغاندا ئۆيىمىزنى قۇرۇقداپ قويغۇدەك بۇ ئوغرى» دېۋىدى، ئاتاممۇ «ھەرقانداق چوڭ ئوغرىلىق كىچىك ئوغرىلىقتىن باشلىنىدۇ. بىز بۇ ھارامزادىنى بەك بوش قويۇۋەتتۇق، بۇنىڭدىن كېيىن قاتتىق قول بولايلى» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلدى. مەن ئەمەلىيەتتە بىرمۇ كەمپىت ئالمىغانىدىم. شۇڭا، بۇ ناھەقچىلىك ماڭا ئېغىر كېلىپ، كېچىسى ئۇزاققىچە ئۇخلىيالمىدىم. ئۆز ئانامنى سېغىنىپ يىغلىدىم. ئىش بۇنىڭ بىلەنلا تۈگىمىدى، شۇنىڭدىن باشلاپ ئۆگەي ئانام مېنى «ئوغرى، يانچۇقچى» دەپ چاقىرىدىغان بولدى. ئاتاممۇ ئەركىلەتكەندەك قىلىپ: «ئوغرىۋاي، كەمپىت يېگۈڭ كەلدىمۇ؟» دەپ قوياتتى. بۇ سۆزلەر مېنىڭ جان - جېنىمدىن ئۆتۈپ كېتەتتى. ئۆزۈمنى ئاقلىغۇم، ئۇلارغا قارشىلىق بىلدۈرگۈم كېلەتتى، بىراق جۈرئەت قىلالمايتتىم. كېيىن مۇنداق ئويلىدىم: «مەن ناھەق ئوغرى ئاتالدىم، شۇڭا ئۆيدىكى كەمپىتلەرنى ئوغرىلاپ، ئۇنىڭ دەردىنى بىراقلا تارتاي». ئەتىسىدىن باشلاپ راستىنلا شۇنداق قىلدىم. دېمەك، ئۇ چاغلاردا مەن كەمپىت ۋە

پېچىنىلەردىن بىر - ئىككىدىن ئېلىۋالاتتىم، كۆپ چاغلاردا ئۇلار سەزمەيتتى. بەزىدە سېزىپمۇ قالاتتى، شۇنىڭ بىلەن مەن يەنە تاياق يەيتتىم، تىل - ئاھانەت ئاڭلايتتىم. بارا - بارا ئۇنىڭغىمۇ كۆنۈپ قالدىم. ئاتام ماڭا بىر تىيىنمۇ پۇل بەرمەيتتى، بەزىدە ھەتتا ئوقۇش پۇلى، كىتاب پۇلى ۋە دەپتەر پۇللىرىنىمۇ بەرمەي، مېنى مۇئەللىمنىڭ ئالدىدا تەنقىدكە قوياتتى. كېيىن مەن بەزى ساۋاقداشلىرىمدىن پۇل تېپىشنىڭ ئۇسۇلىنى ئۆگەندىم. ئون ياشلار ۋاقتىم بولسا كېرەك، مەن جۈرئەت دېگەن ساۋاقدىشىمدىن كىنوخانىدا يېڭى كىنو قويۇلغاندا، بېلەتنى كۆپرەك سېتىۋېلىپ، كېيىن پايدىسىغا سېتىپ پۇل تاپىدىغان بىر ئۇسۇلنى ئۆگەندىم. ھەر ئىككى - ئۈچ كۈندە بىر قېتىم ئەللىك - ئاتمىشتىن بېلەت سېتىۋالاتتىم - دە، كىنو باشلىناي دېگەندە قىممەت سېتىپ، بەزىدە ئون - ئون ئىككى يۈەن پايدا ئالاتتىم. قولۇمغا پۇل كىرگەندىن كېيىن، كەمپىت - ۋە پېچىنىلەرنى ئېلىپ يەيدىغان بولدۇم، بىراق بۇ تىجارەت بىلەن بولۇپ كېتىپ دەرسلەردە ئارقىدا قالدىم. مۇئەللىملەر كۆپ تەربىيە بېرىشتى، ئەمما مەندەك پۇل تېپىشنىڭ كويىغا كىرىپ قالغان بالىغا بۇ تەربىيەلەر كار قىلاتتىمۇ؟! سىنىپ مەسئۇلۇم ئاخىر ئەھۋالىمنى ئاتامغا ئېيتىپتۇ، ئاتام ماڭا قاتتىق كايىپ، ئىككى كاچات سالدى ۋە يانچۇقۇمدىكى بارلىق پۇللىرىمنى تارتىۋېلىپ «ياخشى ئوقۇ» دېدى.

ئۆگەي ئانام بولسا ئەكسىچە «ئۇنى نېمىشقا تۇسايسەن،

بالىمىز پۇل تېپىشنىڭ يولىنى تېپىپتۇ. ئۇ ئوقۇپ ئەرشىئەلاغا چىقاتتىمۇ، مەيلى ئۇ پۇل تاپسۇن، ئۆينىڭ چاي-تۇزىغا ئىشلەتسەكمۇ جانغا ئارام ئەمەسمۇ؟›، دېدى. ئاتام ئۆگەي ئانامنىڭ گېپىدىن زادىلا چىقمايتتى. شۇڭا سەل ئويلىنىپ كۆرۈپ: ‹بۇمۇ بولىدىغان گەپ، مەيلى پۇل تېپىۋەر، لېكىن ھەر كۈنى تاپقان پايدىڭنى ماڭا ئۆتكۈزىسەن. ساڭا كېرەكلىكىنى ئۆزۈم بېرىمەن، ئوقۇشىنىمۇ تاشلاپ قويما›، دەپ دەسمايە ئۈچۈن ماڭا بەش يۈەن بەردى. ئارىدىن بىر يىل ئۆتۈپ يېڭى كىنولار، بولۇپمۇ چەت ئەل كىنولىرى ئارقا-ئارقىدىن قويۇلغىلى تۇردى، تىجارىتىممۇ تازا روناق تاپتى. بەزى كۈنلىرى ئوتتۇز-قىرىق يۈەن تاپتىم. بۇ تىجارىتىمدىن ئاتاممۇ، ئۆگەي ئانامۇ بەك خۇشال بولدى. مەن تېپىپ بەرگەن پۇللارغا ئۇلار تېخىمۇ كۆپ مېھمان چاقىرىدىغان، ئۆيگە ھەر خىل ئائىلە جابدۇقلىرىنى ئالىدىغان بولدى. دېمەك، مېنىڭ پۇلغا ئامراقلىقىم ئەنە شۇ ئىشتىن باشلاندى. پۇللۇق بولغاندىن كېيىن خىراجىتىممۇ كۆپەيدى. تولا ۋاقىتلاردا ئاشخانىلاردا تاماق يېدىم، تاماكا چېكىشنى ئۆگەندىم، يۈرىكىم يوغىناپ، باشقىلار بىلەن مۇشتلىشىدىغان بولدۇم. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئىككىنچى يىللىقىغا چىققاندا مەكتەپكە بارمايلا قويدۇم. ئاتاممۇ بۇ ئىشقا قايغۇرۇپ كەتمىدى، پەقەت ئۆز ئاناملا ئوقۇشسىز قالغىنىمدىن قاتتىق ئۆكۈندى. ئۇ كۆز يېشى قىلىپ: ‹بالام مۇئەللىملىرىڭگە يالۋۇراي، يەنە

ئوقۇغىن، دېدى، بىراق مەن ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالمىدىم.

پايدا داۋاملىق كېلىۋەرمەيدىكەن، بېلەت تىجارىتىدە زىيان تارتقان چاغلىرىممۇ بولدى. بارا - بارا بۇ تىجارىتىممۇ ئانچە ئاقمايدىغان بولۇپ قالدى، بىراق مېنىڭ پۇل خەجلەش ھەۋەسىم بارغانسېرى ئېشىپ بېرىۋاتاتتى. بۇ چاغدا مەن ئون ئۈچ - ئون تۆت ياشقا كىرىپ قالغانىدىم. ئەمدى ئۆگەي ئانام بىلەن ئاتامدىن ھەم ئۇلارنىڭ ئۇرۇش - تىللاشلىرىدىن ئانچە قورقۇپ قالمايدىغان بولدۇم. بەزىدە ئۇلارغا گەپ ياندۇراتتىم. بولالمىغاندا ئۆيدىن قېچىپ كېتەتتىم. ياز كۈنلىرى سىرتلاردا قونۇپ قالاتتىم، كېيىن تۆت - بەش بالا بىلەن تونۇشۇۋالدىم، ئۇلارمۇ ماڭا ئوخشاش يېتىملار ئىكەن. ئۇلار ماڭا پۇل تېپىشنىڭ تېخىمۇ ئەپچىل ئۇسۇلىنى سۆزلەپ بېرىپ، مېنى ئۆزلىرىگە شېرىك بولۇشقا تەكلىپ قىلدى. مەن باشتا سەل قورقتۇم. بىراق، ئۇلار مېنى قورقماسلىققا دەۋەت قىلغاندىن كېيىن، جان بېقىش كويىدا ھەمراھلىرىم بىلەن يانچۇقچىلىق قىلىشقا باشلىدىم. بۇ ھۈنەرنىڭ پايدىسى تېخىمۇ كۆپ ئىكەن. بىز بەزىدە ئىككى - ئۈچ سائەت ئىچىدە نەچچە يۈز يۈەن تاپاتتۇق. پۇللارنى بۆلۈشۈپ خالىغانچە يەپ - ئىچەتتۇق. مەن بۇ چاغدا ئىچىشنىمۇ ئۆگىنىۋالدىم. قولۇمغا كۆپرەك پۇل تەگكەن كۈنلىرى ئاتامغا ئون - ئون بەش كوي بېرەتتىم. ئۇلار ئۇنى بۇرۇنقىدەكلا بېلەت تىجارىتىمنىڭ پايدىسى دەپ چۈشىنەتتى

ۋە مېنى ماختاپ: «ياخشى، تىجارەتكە ئوبدان پىشىۋاتىسەن، بوشاشمىغىن! »، دەيتتى. بىر كۈنى بىز كوللېكتىپ ھالدا تۇتۇلۇپ قالدۇق. ساقچىلار بىزنى دەسلەپتە قورقۇتتى، كېيىن تەربىيە بەردى ۋە ئاتا ـ ئانىمىز ياكى يېقىن تۇغقانلىرىمىز كېپىللىك بولسا، قويۇپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەندىن باشقىلار شۇ ئۇسۇل بىلەن چىقىپ كەتتى. مەن ئۈچ كۈنگىچە ساقچىخانىدا تۇرۇپ قالدىم. ئۈچىنچى كۈنى ئاخشىمى ساقچى يېنىمغا كىرىپ: «سەن بۇرۇندىنلا قولى ئەگرى بولۇپ ئۆسكەن ئىكەنسەن، ئاتا ـ ئاناڭ ساڭا كېپىل بولۇشقا پىتىنالمايدىكەن. ئۇلار قانۇن باشقۇرسا پىكرىمىز يوق، دېيىشتى. سېنى قانداق قىلساق بولاركىن؟ »، دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتىم. ھەم ئاتامغا تۇنجى رەت چىن كۆڭلۈمدىن لەنەت ئوقۇدۇم. شۇمۇ دادا بولدىمۇ؟ ئۆگەي ئانامغۇ مېنىڭ ئاز ـ تولا پايدامنى دېمىسە، مېنى كۆرىدىغانغا كۆزى يوق، مەن ئۇنىڭدىن ئاغرىنىپ كەتمەيمەن، ئۆزى تۇغمىغان بالا بولغاندىن كېيىن جېنىمۇ كۆيمەيدىكەن ئەلۋەتتە. بىراق، مەن ئاشۇ ئاتامنىڭ پۇشتىدىن تۇغۇلغان بالىغۇ، تىجارەت ۋە يانچۇقچىلىق بىلەن تاپقان پۇللارنى ئاپىرىپ بەرسەم، مېنى شۇنچە ماختىغان ئادەم بېشىمغا كۈن چۈشكەندە ماڭا ئىگە بولمىغىنى نېمىسى؟ لەنەت سەندەك ئاتىغا. . .

مەن كۆڭلۈمدە ئاشۇلارنى ئويلىدىم. ھېلىقى ساقچىدىن ئۆز ئانامنىڭ بارلىقىنى، شۇنىڭغا خەۋەر قىلىشنى ئۆتۈندۈم.

بىر سائەتتىن كېيىن ئانام مېنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

جېنىم ئاكا! ۋاقىت قىس بىشىمدىن ئۆتكەن ھەممە ئىشلارنى تولۇق يېزىپ بولالمايمەن. يۇقىرىقىلاردىن چۈشەنگەنسەن. مېنىڭ تۇرمۇشۇم بالا چېغىمدىلا ئىزىدىن چىققانىدى. قولۇمدىن مەھكەم تۇتۇپ يېتەكلەپ ماڭىدىغان ئادەم بولغان بولسا، ۋاقتىدا تۈزىلىپمۇ كېتەر ئىدىم. ئاتام بىلەن ئانامنىڭ شۇنداق قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم، بىراق ئىشلار مەن ئويلىغاندەك بولمىدى. ئۆگەي ئانام ئاتامنى باش ئەگدۈرۈۋالغاچقا، ئاتام ئۆگەي ئانامنىڭ رايىغا بويسۇندى. ئۆگەي ئانامنىڭ مەقسىتى مېنى كۆزدىن يوقىتىش، ئىكەن.

كېيىن مەن بىر زاۋۇتقا ئىشچى بولۇپ كىردىم. قىلىدىغان ئىشىم كۆمۈر تاسقاش ۋە چوڭ ئوچاقتا ئوت قالاش بولدى. بۇ ئىشلار مەندەك تەر تۆكمەي پۇل تېپىشقا كۆنۈپ قالغان بالىغا تولىمۇ ئېغىر كەلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاتام ئايلىقىمنى ماڭا ۋاكالىتەن تاپشۇرۇۋالاتتى. ‹تاماقنى ئۆيدىن يەيسەن، كىيىمنى ئۆزۈم قىلىپ بېرىمەن، ياش ئادەمنىڭ يېنىدا پۇل تۇرسا، ئوڭاي بۇزۇلۇپ كېتىدۇ› دەپ قولۇمغا ئاران ئىككى - ئۈچ كويلا بېرەتتى، بىراق مېنىڭ ئاشخانىلاردا تاماق يېگۈم، ھاراق ئىچكۈم، تاماكا چەككۈم كېلەتتى. ئاغىنىلىرىمنى پات - پات مېھمان قىلىپ، مەردلىكىمنى كۆرسىتىشنى خالايتتىم، لېكىن ئۇلارغا پۇل قېنى؟! مەن دادام بىلەن سۆزلىشىپ ھېچبولمىغاندا ئايلىقىمنىڭ ئۈچتىن بىرىنى بولسىمۇ قولۇمغا بېرىشنى

ئۆتۈندۈم. لېكىن ئۇلار بۇ تەلىپىمگە قوشۇلمىدى. ئۆگەي ئانام بولسا: «كۆر بۇنى، شۇنچە جاپادا چوڭ قىلساق، ئەمدى بىزدىن ئازغىنا پۇلنىمۇ ئاياۋاتقىنىنى، سېنى چوڭ قىلغۇچە ئاز پۇل كەتتىمۇ؟ ئەمدى ئىشلەپ ئەجرىمىزنى قايتۇر» دەپ مىننەت قىلدى. ئاخىر بولماي، ئۇلارغا: «سىلەرنىڭ ماڭا قانداق غەمخورلۇق قىلغىنىڭلار ئۆزۈڭلەرگە ئايانغۇ، ئون يېشىمدىن باشلاپ سىلەرگە پۇل تېپىپ بەردىم. شۇمۇ ئازلىق قىلامدۇ؟» دېدىم ئاچچىقىمدا. ئۆگەي ئانام: «هايۋان بالىسىنى باقساڭ، ئېغىز بۇرنۇڭنى ياغ ئېتەر، ئادەم بالىسىنى باقساڭ ئېغىز بۇرنۇڭنى قان ئېتەر دەپتىكەن» دەپ چاچلىرىنى يۇلۇپ يىغلاشقا باشلىدى.

ئاتام بولسا: «بىزگە گەپ ياندۇرغۇدەك بولدۇڭمۇ» دەپ ساپلىقنى كۆتۈرۈپ ماڭا قاراپ يۈگۈردى. هەرقانچە ئەسكى بولسامۇ، بىرسىنىڭ ئۆز ئاتام، بىرسىنىڭ قولىدىن هەرھالدا توققۇز - ئون يىل تۈز يېگەنلىكىمنى ئۇنتۇمىغانىدىم. شۇڭا، ئۇلار بىلەن تاكاللىشىشنى مۇۋاپىق كۆرمەي، ئۆيدىن چىقىپ كەتتىم. كوچىدا مېنى قۇچاق ئېچىپ كۈتۈپ تۇرغان هەمراھلىرىم بار ئىدى. يەنە شۇلارنىڭ ئارىسىغا قېتىلىپ كەتتىم. خۇشياقمىسا ئىشقا بارمىدىم، تەربىيىلەرمۇ ماڭا كار قىلمىدى. ئاخىر ئىشتىن بوشىتىلدىم. شۇنىڭ بىلەن يۈگەنسىز ئاتتەك تېخىمۇ ئەركىن بولۇپ خالىغان سەنەمگە دەسسىدىم ۋە ئاخىر تېخىمۇ چوڭ جىنايەت ئۈستىدە تۇتۇلدۇم.

قەدىردان ئاكا! يۇقىرىقى قۇرلاردىن ئىچىمنىڭ دەرد ــ ئەلەمگە تولغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغانسەن. ئازراق غەيرەت قىلغىن، مەن ئىچىمدىكىنى پۇتۇنلەي تۆكۈۋالاي. ئىچىم بوشاپ قالسا ئەجەب ئەمەس؟!

ئون سەككىز يىللىق ھاياتىمنىڭ ئۈچتىن بىرى تۈرمىدە ئۆتتى. ئەيىب مەندە، بۇنىڭ جازاسىنى ئەلۋەتتە تارتىشىم كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن زادى ئۆكۈنمەيمەن، چۈنكى بۇرۇن ماڭا ئىگە بولىدىغان ئادەم يوق ئىدى. ئەمدى كۆپلىگەن قاتتىق قول ئادەملەر ماڭا ئىگە بولىدۇ. بىرنەچچە كۈندىن بۇيان ئۆزۈمنىڭ قانداق خەتەرلىك يولغا كىرىپ قالغانلىقىمنى خېلى چوڭقۇر ئويلاپ يەتتىم. ھېلىمۇ ۋاقتىدا قولغا چۈشۈپتىمەن، مۇشۇنداق ماڭغان بولسام تېگى چوڭقۇر ھاڭغا چۈشۈپ، كۈكۈم ــ تالقان بولۇپ كېتەركەنمەن. ئاشۇ قاتتىق قول مەسئۇلىيەتچان ئادەملەر مېنى ھاڭدىن تارتىۋالدى.

مېھرىبان ئاكا! ئىككى ئىش يۈرىكىمنى بەك ئازابلاۋاتىدۇ. بىرى مەن قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن ئاتام بىلەن ئۆگەي ئانام مېنى بىر قېتىممۇ يوقلاپ كەلمىدى، مەنغۇ ئۇلاردىن بىزار. شۇنداق بولسىمۇ يىراق سەپەرگە ئاتلىنىش ئالدىدا ئۇلارنى بىر قېتىم بولسىمۇ كۆرۈۋېلىشنى بەك ئارزۇ قىلاتتىم. مەن ئۇلارنىڭ بالىسىغۇ، ھەرقانچە نەپرەتلەنسەممۇ، ئاشۇ ئاتام بولمىغاندا مەن بۇ دۇنياغا كەلمەس ئىدىم، ئاشۇ ئۆگەي ئانامنىڭمۇ قولىدىن تۇز

يېگەنىدىم، بىراق ئۇلار مېنى كۆڭلىدىن مەڭگۈ چىقىرىۋەتكەن ئوخشايدۇ. مۇشۇنى ئويلىسام، يۈرىكىم بەكمۇ ئېچىشىدۇ. بىراق، ئەمدى ئۇلارنى بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىشكە ھەرگىز ئۇرۇنما، سەن بىلەن بىرگە كەلسىمۇ، ئۇلارنىڭ يۈزىگە قارىمايمەن. يەنە بىرى، ئاتام بىلەن ئۆز ئانامنىڭ ئايرىلىپ كېتىشىدە ئۇلارنىڭ قايسىسى كۆپرەك ئەيىبلىك ئىكەنلىكى ماڭا ئايان ئەمەس. لېكىن شۇنىسى ناھايىتى ئېنىقكى، ئەگەر ئۇلار ئايرىلىپ كەتمىگەن بولسا، مەنمۇ، سەنمۇ ئاتا - ئانىمىزنىڭ ئالدىدا ئۆسكەن بولساق، ئېھتىمال مەنمۇ شۇ كۈنلەرگە قالماس ئىدىم. سەنمۇ ئۇلاردىن بىزار بولماي ئۇلار ئالدىدا ياشايتتىڭ. شۇڭا بار ئاۋازىم بىلەن شۇنداق دېگۈم كېلىدۇ:

ھەي ئاتىلار - ئانىلار! بالاڭلارنى يېتىم قىلماڭلار، ئاراڭلاردا ھەرقانچە ئېغىر كۆڭۈلسىز ئىشلار يۈز بەرسىمۇ ئېغىر - بېسىق بولۇڭلار، بالىلىرىڭلارنىڭ بەختى ئۈچۈن بولسىمۇ، ئاچچىقىڭلارنى ئىچىڭلارغا يۇتۇڭلار، يېنىكلىكىڭلار سەۋەبىدىن بالىلىرىڭلار ئازاب چەكمىسۇن! يەنە شۇنىمۇ قوشۇپ قويغۇم بار: ‹ھەي ئۆگەي ئانىلار، ئۆگەي دادىلار، سىلەرنىڭ ئىگىدارچىلىقىڭلارغا ئۆتكەن ئاشۇ گۆدەكلەرگە ھەقىقىي ئانىلىق، ئاتىلىق مېھرىڭلارنى ئاتا قىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن›.

بالىلار بىچارە، ئۇلارنىڭ بەختى ئۈچۈن تۆكۈلگەن تەردىن تىكەن ئەمەس، گۈل ئۈنىدۇ.

ئاكا! خېتىمنى ئوقۇپ بەلكىم ھارغانسەن، شۇنداق بولسىمۇ كۆزۈڭدىكى ئېچىنىش يېشىنى سۈرتۈۋېتىپ تۆۋەندىكى قۇرلارغا قارا:

ئاكا، بەلكىم بۇ يازغانلىرىمنى كۆرۈپ ھەيرانمۇ قالغانسەن، كاللامغا بۇنداق سۆزلەرنىڭ قانداق كەلگەنلىكىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. چالا ساۋات بالا ئىدىم. دۇرۇس، بەزىدە ئانچە - مۇنچە كىتاب ئوقۇپ قوياتتىم، بىراق ئىلگىرى بۇنداق سۆزلەر خىيالىمغىمۇ كىرىپ چىقمىغانىدى. پەقەت قولغا ئېلىنغاندىن بېرى ئىلگىرىكى ھاياتىم ھەققىدە ناھايىتىمۇ كۆپ ئويلىدىم. پۇشايمان ۋە ھەسرەت يۈرىكىمنى ئامبۇردەك قىستى. قولۇمغا قەلەم ئېلىپ، ساڭا مۇشۇ خەتنى يېزىۋاتقىنىمدا، گويا ئارقامدا بىر كىشى تۇرۇپ ماڭا ئۆگىتىۋاتقاندەك، سۆزلەر ئارقا - ئارقىدىن كېلىۋەردى. ئاخىرىدا سەندىن كۈتىدىغان ئۈمىدىم، مەن ئەمدى قانداق ياشىشىم كېرەك؟! سەن ماڭا مەسلىھەت بەرگىن. باشلىقلىق رۇخسەت بەرسە، كېلىپ مىنى كۆرۈۋال، ئىككىمىز قۇچاقلىشىپ كۆرۈشەيلى، ئۆلۈپ كەتسەممۇ كۆزۈم ئوچۇق كەتمىسۇن. مۇبادا ئۆلمەي ھايات قالسام، كەلگۈسىمگە چوڭقۇر ئۈمىد بىلەن قاراپ، قىلغان ئىشلىرىمدىن ساۋاق ئېلىپ، يېڭى ھاياتىمنى باشلايمەن.

تەلەيسىز، شۇنداقلا ھەسرەتلىك ئۇكاڭ: ئەركىندىن 1986 - يىلى 10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، قارا شەھەر تۈرمىسى» .

ئەركىن خەتنى يېزىپ بولۇپ، ئاۋايلاپ قاتلاپ كونۋېرت ئىچىگە خەتنى سېلىپ، ئاكىسىنىڭ ئادرېسىنى كونۋېرت ئۇستىگە يازغاندىن كېيىن، قولىدىكى قەلەمنى ئاستا قويدى. ئۇنىڭ كۆڭلى بوشاپ قالغان بولسا كېرەك، چىرايىدا بىر خىل تەبەسسۇم ئەكس ئەتتى ۋە ئاكىسى ئالدىغا كەلگەندەكلا ئۆزىچە «ئاكا، سەن ھاياتمۇ؟» دەۋەتتى. بىــــراق، ئۇ ئۆزىنىڭ يېنىدا ھېچكىمنىڭ يوقلۇقىنى سەزمەيتتى. خېلى ۋاقىتتىن كېيىنلا ئۇ ئۆزىنىڭ كامىردا يالغۇز ئىكەنلىكىنى سەزدى ۋە دېرىزىدىن شەرق ئاسمىنىدا پارلاپ تۇرغان قۇياشقا تەلمۈردى، چۈنكى قۇياش ئالەمنىڭ ئانىسى ـ دە!

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەزىز تۇردى
مەسئۇل كوررېكتور: ھەجەرگۈل تۇرسۇن
مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

# مۇھەببەت سىنىقى

(ھېكايىلەر)

ھەببۇللا سىيىت

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
ئۈرۈمچى شياۋمىڭ باسمىچىلىق چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 787×1092، مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 3.125، قىستۇرما ۋارىقى: 2
2005 - يىلى 3 - ئاي 1 - نەشرى
2005 - يىلى 3 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرازى: 1—2060
ISBN7—228—09336—4
باھاسى: 5.00 يۈەن

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : ئەكبەر سالىھ



ISBN 7-228-09336-4
9 787228 093366 >

ISBN 7-228-09336-4
（民文）定价 :5.00元